بسم الله الرحمن الرحيم

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پروفېسسور دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار

# ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

پروفېسسور دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار

# ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئە. ھەسەن

تەھرىرى: ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

Prof.Dr. AbdelKarim Bakkar

**İSLAM'DA HÜKÜMET SİSTEMİNİN TEMELLERİ**

Çeviren: A. HASAN

Editör: Abdurrahman Cemal KAŞGARLI

أ.د. عبدالكريم بكار

**أساسيات في نظام الحكم في الإسلام**

ترجمة: أ. حسن

مراجعة و تحرير: عبدالرحمن جمال الكاشغري

ISBN: 978-605-74475-1-7

2021 - يىلى ئاپرېل، بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە** 3

**كىرىش سۆز** 7

- 1. شەرىئەت ئەڭ مۇناسىپ 7
- 2. شەرىئەتنى كىم تەتبىقلايدۇ؟ 9
- 3. ئەڭ ئالىي قانۇنىي مەنبە قايسى؟ 14
- 4. ئۆزگىرىشچان مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات 18
- 5. سىياسىي چۈشەنچىمىزدىكى كەمچىلىكلەر 22
- 6. باشقىنى تاللاش كرىزىسى 30

**خەلپىلىكنىڭ شەكلىگە قارايمىزمۇ، ماھىيىتىگىمۇ؟** 34

**توغرا ھاكىمىيەت** 42

**دىن ۋە سىياسەت** 59

- خۇلاسە 67

**ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد (مىللەت ۋەكىللىرى)** 68

- ئۇقۇمدىكى ئېنىقسىزلىق 69
- ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدىنى رەتكە سېلىش 71
- تەنقىدىي پىكىر 73

**كېڭەشمۇ ياكى دېموكراتىيەمۇ؟** 80

- شۇرا (كېڭەش) 80

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

• دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟ 84
• شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئوخشاش ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى 86
• سېلىشتۇرۇش 89
**كۆچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش** 92
**ۋەسىيلىك ۋە ۋاكالەت ئارىسىدىكى ھۆكۈمدارلىق** 105
**ھۆرلۈك بىرىنچى ئورۇندا تۇرامدۇ؟** 112
**كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى** 121
• كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ دەلىللىرى 123
• ھاكىم ۋە پۇقرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت 130
• پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى 131
• ھاكىملارنىڭ ھوقۇقى 132
• مۇلاھىزە 147
**ۋەتەنداشلىق دۆلىتى** 152
• مەدىنە شەرتنامىسى 153
• مەدىنە شەرتنامىسىدىكى مۇھىم ماددىلار 155
• بەزى مۇھىم فىقھىي مەسىلىلەر 159
• ئۈچىنچى، كاپىرلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى 180
**خاتىمە** 189
**پىكىرلەر كاتولوگى** 191
• پايدىلانغان مەنبەلەر 217

# مۇقەددىمە

ھاكىمىيەت مەسىلىسى ھەممە خەلقنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە بولۇپ، ھۆكۈمەت كونترول قىلىدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن بۈگۈنكى دەۋردە ھاكىمىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىش رولى كېڭەيمەكتە ھەمدە ئىشلارنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىقتىدارلىقى ياكى ئىقتىدارسىزلىقى، ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى ئەكس ئەتمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردە سىياسىي ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش ۋە كوللېكتىپ ھاياتنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدە ئۇزۇن مەزگىل تېگىرقاپ قالغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىسىنى خۇلاسىلىگەندە، مەغلۇبىيەت غەلىبىدىن كۆپ بولغان. ئەرەب دىيارىدا ئىسلام قۇياشى چاقنىغاندا، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرىتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ساھابىلەر پەتھى قىلغان رايونلارنى ئىدارە قىلىشتا مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇلارغا سىياسەت ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ساھەسىدە تەجرىبە ئىگە قىلغاندىن بەكرەك يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

سىياسىي ۋەزىپە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، سالىھ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، دىننى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇممەتكە خىزمەت قىلىش، شۇنداقلا ھوقۇقنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى چەكلەشنى مەقسەت قىلسا؛ بەزى تەمەخور، ھوقۇقپەرەس كىشىلەر ھوقۇققا ئېرىشىپ، يۈز- ئابرۇيى ۋە مال-دۇنيا توپلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى كۆزلەيدۇ.

ئىسلام تارىخىي ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي تۈزۈلمىگە قارشى ئىنقىلاب ۋە ئىسيان بىلەن تولۇپ كەتكەن دېسەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن بولمايمىز. ھۆكۈمەت بىر ئىنقىلاب ياكى سىياسىي ھەرىكەتنى بېسىقتۇرسا؛ يەنە بىر ئورۇندا يېڭىدىن ئىنقىلاب پارتلايتتى . ھۆكۈمەتكە قارشى ئىنقىلابنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ياخشى ئۈلگىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەستىن، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقى ئىدى. شۇنداقلا ھۆكۈمدارلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان تۇپراق دائىرىسىنىڭ ھەرۋاقىت پەتھى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كېڭىيىپ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاۋام - خەلق بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى سىياسىي ۋە مەمۇرىي تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشىنى تەسلەشتۈرۈپ قويغان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەرەب دۇنياسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ بىرقانچىلىغان سىياسىي تۈزۈلمە غۇلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى سىياسىي تۈزۈلمە

ئورنىتىلدى. ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا قۇرۇلماقچى بولغان دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى، بۇ ئىختىلاپ ھازىرغىچە كەسكىنلىشىپ كەلمەكتە. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئىختىلاپ قىلىشقان كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، چوڭ پىرىنسىپلىرى، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتى يوق ئىكەنلىكى، ياكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ قالايمىقان ئوي - خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بىز بەزى يۇرتلاردا بىرقانچىلىغان كىشىدىن بەيئەت ئېلىپلا، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارغا خەلىپە دەپ جاكارلىغان كىشىلەرنى كۆردۇق. شۇنداقلا كىچىككىنە بىر رايونغا ئىسلامىي ئىمارەت قۇرماقچى بولغانلارنىمۇ كۆردۇق. بۇ ھادىسىلەر بىزگە خەلقنىڭ بىر- بىرىنى قىرغىن قىلماسلىقى، ۋەتەنلىرىنى ۋە ۋەتىنىنىڭ بايلىقىنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلىق سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىدۇ.

مەن بۇ ماقالىدىكى سېلىشتۇرمىلاردىن مۇرەككەپ سىياسىي ئۇقۇملارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئۇقۇملار ھەققىدىكى گۇڭگىلىق ۋە ئېنىقسىزلىقلارنى يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي جىددىيچىلىكنى پەسەيتىشنى ھەمدە دەۋرىمىزگە ماس كېلىدىغان سىياسىي نىزامغا قارىتا ئورتاق بىر كۆزقاراش شەكىللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئاللاھدىن بۇ ئەمەلگە بەرىكەت بېرىشىنى، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە قىيامەت كۈنى ئۈچۈن زاپاس ساۋاب قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

پىروفېسسور دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار

2014 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# كىرىش سۆز

مەن مۇقەددىمەدە كىتابىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەرنى بايان قىلماقچى. بۇ، قەدىمدىن تارتىپ مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئەسەر يېزىشتا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مېتودتۇر. چۈنكى، مۇقەددىمە كېيىنكى مەزمۇنلارنى چۈشىنىشنى قولايلاشتۇرىدىغان ئومۇمىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. شەرىئەت ئەڭ مۇناسىپ

شەرىئەتنىڭ ئىنسان ھاياتىغا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئالدى بىلەن ئەقىدە مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانىنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تۈزۈملەر ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى شەرىئەتتىنمۇ بەكرەك مۇۋاپىق دەپ ئېتقاد قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەكسىچە، مۇسۇلمان ئىسلام شەرىئىتى ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا تەتبىقلاشقا ماس كېلىدۇ دەپ شەكسىز ئېتقاد قىلىشى لازىم. مانا بۇ، ئۈممەت ئۆلىمالىرى بىردەك مۇقەررەرلەشتۈرگەن مەسىلىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەگ ئاخىرقى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىدى. ناۋادا ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىلگىرىكىدەك پەيغەمبەرلەرنى داۋاملىق ئەۋەتكەن، كىتابلارنى توختىماي نازىل قىلغان بولاتتى. ئىنسان هاياتىدىكى ھەرقانداق ئىشتا نۇرلۇق شەرىئەتنى ھاكىم قىلىشنىڭ دەلىللىرى ئىنتايىن كۆپ. بىز مىسال سۈپىتىدە بەزى دەلىللەرنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز:

«**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**» (ئى پەيغەمبەر!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، مۇناپىقلار دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[1].

«**وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا**» ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ»[2].

«**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**» كىمكى، ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇ كافىردۇر»[3].

«**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ**» ئاللاھ نازىل

[1] نىسا سۈرىسى، 65 ـ ئايەت.
[2] ئەھزا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى، 44 ـ ئايەت.

قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر»[4].

«وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ» ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر»[5].

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر كۆپ ھەم مەشھۇر.

ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا باش ئېگىشنىڭ ۋاجىپلىقى سودىلىشىش ياكى مۇرەسسەلىشىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ـ مەيلى ھاكىم ياكى پۇقرا بولسۇن ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاپ ئۇنى رېئاللىقتا گەۋدىلەندۈرۈشكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكۈمى بار. بىز ئۇنى كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، شەرىئەت ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا تەتبىقلاشقا ماس كەلمەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئىشەنچلىك ۋە بۈيۈك ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا دىندىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق.

## 2. شەرىئەتنى كىم تەتبىقلايدۇ؟

بۇ ھەرخىل ئىسلامىي ئېقىملار بىلەن ئەلمانىيلار (Secularism) ئارىسىدا كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان مەسىلىدۇر. بەزىلەر، شەرىئەت پەقەت تۆت خەلىپە دەۋرىدىلا تەتبىقلانغان، چۈنكى شەرىئەتنىڭ ھۆججەتلىرى چەكلىك، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر چەكسىز بولغانلىقى ئۈچۈن شەرىئەتنى ھەرقانداق زامان ۋە

[4] مائىدە سۈرىسى، 54 ـ ئايەت.

[5] مائىدە سۈرىسى، 47 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ماكانغا تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ، تەتبىقلاشقا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكۈمەتلەر شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈپ، شەرئى ئەھكاملارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ كۈپرلىقتۇر ۋە زىندىقلىقتۇر، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، شەرىئەت دېگەن كەلىمىدە مەقسەت قىلىنغان مەنىنىڭ روشەن بولماسلىقى بۇ دەتالاشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار شەرىئەت دېگەن كەلىمىنىڭ ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي تەرىپىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى پەقەت جىنايى ئىشلار قانۇنىي دەپلا چۈشىنىپ قالغان. مانا بۇ شەرىئەت دېگەن كەلىمىدىن مەقسەت قىلىنغان ئۇقۇمنىڭ كۆپ ئادەملەردە غۇۋا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## شەرىئەتنىڭ مەنىسى

شەرىئەت ئەمەلىيەتتە دىنىنىڭ بىر پۈتۈن ھالىتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ «**ثُمَّ جَعَلْنَاكَ عَلَىٰ شَرِيعَةٍ مِّنَ الْأَمْرِ فَاتَّبِعْهَا وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ**» ئاندىن سېنى بىز ئى پەيغەمبەر! دىن ئىشىدا روشەن بىر شەرىئەت ئۈستىدە قىلدۇق، شۇڭا سەن شۇ شەرىئەتكە ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[6] دېگەن سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

مۇپەسسىر تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە: «شەرىئەت بىز سەندىن ئىلگىرىكىلەرنى ئەگەشتۈرگەن بۇيرىغان مېتود ۋە پەيغەمبەر تۇتۇپ ماڭغان يولدۇر، سەن ساڭا بەلگىلەنگەن شەرىئەتكە ئەگەشكىن» دېگەن.

[6] جاسىيە سۈرىسى، 18 ـ ئايەت.

قەتادە: «شەرىئەت دېگەن پەرزلەر، ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر ۋە بۇيرۇق - چەكلىمىلەردىن ئىبارەتتۇر، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن» دەپ تەپسىرلىگەن.

ئىبنى زەيد: «‹شەرىئەت دىن دېمەكتۇر›، دەپ «**شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ**» ‹ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى دىن قىلىپ بەلگىلىدى›[7] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ۋە ئايەتتىن مەقسەت نۇھ شەرىئەت يولغا قويۇلغان كىشلەرنىڭ ئەۋۋىلى، سەن ئۇلارنىڭ ئاخىرسى بولسەن› دېگەن بولىدۇ» دېگەن[8].

شەرىئەت ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئەھكام ۋە مۇئامىلە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىندىن ئىبارەت. كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى، ھاكىمىيەت دىنغا رىئايە قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، شەرئى ئەھكاملارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىقلاپ كەلگەن. چۈنكى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ 90%نى ھۆكۈمەت ئەمەس، بەلكى ئاۋام خەلق تەتبىقلايدۇ.

ئۇسۇلشۇناس (قانۇنشۇناس، پىرىنسىپشۇناس) ئالىملار شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى دىن، ھايات، ئىززەت ئابرۇي، ئەقىل ۋە مال-مۈلۈكنى قوغداش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شەرىئەتنىڭ يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك مەقسەتلىرىدىن قايسىبىرىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك شەكىلدە قوغداشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تىرىشچانلىق ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلسا، ئەمەلىيەتتە شەرىئەتنى تەتبىقلاش بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، بىز شەرىئەتنى تەتبىقلاش تۆۋەندىكى ئىشلارنى

[7] شۇرا سۈرىسى، 13 - ئايەت.
[8] تەپسىر تەبەرى، 21/ 85 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئـۆز ئىچىگـە ئالـىدۇ، دېيەلەيمىـز:

- ياخشىـلىققا بۇيـرۇپ، يامانلىقتىــن توسـۇش ۋە كىشـىلەرگە دىنىنــى ئۆگىتىــش.
- جەمئىيەتتىكــى ئىشســىزلىق نىســبىتىنى ئازايتىــش ۋە ئىــش پۇرسـىتى بىلەن تەمىنلەپ، كىشـىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرىشـىگە يـاردەم قىلىـش.
- دەۋەتچىلەرنــى يېتىشــتۈرۈش ۋە ئۇلارنىــڭ سەۋىيىســىنى يۇقىرى كۆتـۈرۈپ، خىزمـەت قىلىشـىغا مۇناسـىپ شارائىت ھازىرلاش.
- مەدرىــس، ئۇنىۋېرســىتېت ۋە ئىلمىــي تەتقىقات مەركەزلىرىنــى قـۇرۇش.
- دوختۇرخانــا ۋە ســاقلىقنى ســاقلاش مەركەزلىرىنــى قــۇرۇپ، كىشــىلەرنىڭ تىببىــي جەھەتتىكــى ئېھتىياجىنــى قانــدۇرۇش.
- ئەۋلادلارنــى ياخشــى تەربىيلــەش، ئاتــا ـ ئانــا ۋە ئائىلىگــا ياخشــى مۇئامىلــە قىلىــش، قوشــنا ـ قولۇملارغــا ياخشــىلىق قىلىــپ، ســىلە ـ رەھىمنــى ئــۇلاش.
- كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئاجىزلارغا ھەققىنى يەتكۈزۈپ بېرىش.
- شەرىئەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش.
- كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن قۇرۇپ چىقىش.
- خەلقنىــڭ ھاياتىنــى قولايلاشــتۇرىدىغان ۋە ئۇلارغا ئارام بەخش ئېتىدىغــان ئامىۋىــي ئەســلىھەلەرنى تەرەققىــي قىلــدۇرۇش، باغچـا قــۇرۇش، ئايروپورتلارنــى قــۇرۇپ، قاتنــاش ترانســپورت ئىشـلىرىنى تەرەققىـي قىلـدۇرۇش ۋە يـول ياسـاش.
- خىزمەتنــى پۇختــا قىلىــش، خىزمەتنىــڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك

*قىلىش ۋە خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىش.*

- *ھايۋاناتلارنى ئاسراش ۋە تەبىئىي ھاياتلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش.*
- *كىشىلەرگە راستچىل، سەمىمىي ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.*
- *بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنى چەكلەش.*
- *ياشلارنى ياخشى تەربىيلەپ، ئۇلارنى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىقلار.*

يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەمەللەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، شەرىئەتنى تەتبىقلاش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شەرىئەتنى تەتبىقلاشنى ھۆكۈمەتكە ئارتىپ قويۇش توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش شەرىئەتنىڭ ئوندىن توققۇزىنى يوققا چىقارغانلىق بىلەن باراۋەر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرئى ئەھكاملارنى تەتبىقلاشنىڭ ئاز بىر قىسمى ھۆكۈمەتكە باغلىق، كۆپ قىسمى شەخسكە باغلىق. شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەتبىقلىنىشىنى ھۆكۈمەتكە باغلاش شەرىئەتنى تەتبىقلاشتىكى ئەخلاقىي ۋە شەرئى مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، شەرئى ئەھكاملارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەتبىقلاش ھۆكۈمەتكە باغلىق ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ ئەلمانىلارغا ياكى دىنغا ئۆچ ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش دېگەندىن دېرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى نادىرىسى

بەرمەيدۇ. بەلكى ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھەممەيلەن ئۈمىد قىلىۋاتقان گۈزەل ئىش، لېكىن، ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى شەرئىەت ئەھكاملىرىنىڭ تولۇق تەتبىقلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، دىنىي تۇتۇپ ماڭغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ياكى قارىماققا دىندارلىقتا مايىل كۆرۈنىدىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە ناچار مۇئامىلە قىلىشى دىنسىزلىقنىڭ تارقىلىشىغا ۋە دىنىي ئەھكاملار بىلەن دىنىي ئەخلاقتا ئىسيان كۆتۈرۈش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، كىشىلەر سىياسىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچرىغاندا، ھۆكۈمەت ئىشەنگەن قىممەت قاراشلارغا قارشى چىقىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش.

## 3. ئەڭ ئالىي قانۇنى مەنبە قايسى؟

ئەلمانىيلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي قارار چىقىرىش مەنبەسىنى بەلگىلەش مەسىلىسىدە زور ئىختىلاپ بار، بۇ ئادەتتە «ئاساسىي قانۇننىڭ ئۈستىدىكى پرىنسىپلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەڭ ئالىي قارار چىقىرىش مەنبەسى بولسا دۇنياقاراش، تەسەۋۋۇر، قىممەت ـ قاراشلار، چوڭ نىشانلار، ئىجتىمائىي مۇنا ـ سىۋەتلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرىدىغان نەزەرىيە رامكىسىدۇر.

قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەھيى ئىسلامدىكى ئەڭ ئالىي قارار چىقىرىش مەنبەسىنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى

شەكىللەندۈرىدۇ. قۇرئان، سۈننەتكە ئىمان ئېيتىش ئىسلامغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا «ئىسلام ـ دۆلەت دىنى» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ بارلىق ماددىلىرىدا ئىسلامنى ئاساس قىلىدۇ دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «شەرىئەت قانۇن چىقىرىشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى» دەپ بېكىتىلگەن. بۇ ئاساسىي قانۇن تارماق قانۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ياكى قارشى كەلمەيدۇ دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر بىز قانۇنىي مەنبەنى ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نىسبەتەن يېتەكچى رامكا دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، بۇ بىزنىڭ بىردىن كۆپ پايدىلىنىش مەنبەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇن قانۇن مەنبەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەخسنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكىتى ۋە باشقىلار بىلەن ئورناتقان ئالاقىسىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاممىۋى ھاياتقا، بولۇپمۇ ھەق ـ ھوقۇق، جازا ۋە تەدبىرلىرىدە كۆرسىتىدىغان تەسىرى نىسبەتەن ئالاھىدە بولىدۇ. ئەمما ئاساسىي قانۇننىڭ شەخسنىڭ خاس ھاياتىدىكى تەسىرى يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

ئاساسىي قانۇن بىلەن بىرگە يەنە ئەقىدە، كۇلتۇر ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەت مەنبەلىرىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ مەنبەلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. مەسىلەن، بىر مۇسۇلماننى ئالساق، ئۇ زاكات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەرگەندە مەخپىي بېرىدۇ، كېچىدە قىيامدا تۇرىدۇ ۋە رامىزاننىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىدايدۇ... ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئاساسىي قانۇننىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىدىسىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن قىلىدۇ. ئانا بالىسىغا مېھمانىنى قانداق كۈتۈش، قوشنىلارنىڭ باللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتسە، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلغانلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورققانلىقىدىن قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاساسىي قانۇننىڭ كۈچى بىلەن قىلمايدۇ.

مەن بۇ يەردە كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئەقىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ كۈچى ئاساسىي قانۇننىڭ كۈچىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر قانۇنغا ھىيلە ئىشلىتىشكە كۆنۈپ كەتكەن، قارايدىغان بولساق ئاساسىي قانۇن ۋە تارماق قانۇنلارنى جىنايەتچىلەرنى قوغدايدىغان شەكىلدە ئىزاھلايدىغان بىر تۈركۈم ئادۋوكاتلار تېپىلىدۇ.

ئەمما ئەقىدە كونترول قىلىپ تۇرغان مەسىلىلەردە مۇسۇلمانلار مەخپىي ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتنى رازى قىلىش ئۈچۈن شەرىئەتنى چىڭ تۇتىدۇ، ئەقىدىگە نىسبەتەن ھىيلە - مىكىرنىڭ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى، مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

دۆلەتنىڭ قانۇنىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، ئۇ بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۆرپ - ئادەتكە كەلسەك، ئۇنى جەمئىيەت قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارغا جەمئىيەت رەددىيە بېرىدۇ. دېمەككى، ئۇنىڭ ئىشلارغا بولغان كۆزىتىشى ۋە

ھوقۇقى ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىدىن كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ.

## يۇقىرىقى بايانلاردىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟

مەن بۇ يەردە مۇھىم بىر نەرسىنى ئەسكەرتمەكچىمەنكى، ئاساسىي قانۇننى يېتەكچى مەنبە قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغۇچ كۈرەش دەپ قارىۋالماسلىقىمىز كېرەك، ھەم ئۇنى ھەل قىلغۇچ مەسىلە قىلىشمۇ توغرا ئەمەس[9]. بىز بىرقانچىلىغان دۆلەتلەرنىڭ «ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى، شەرىئەت قانۇننىڭ مەنبەسى» دەپ بەلگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ دۆلەتلەر ئىسلامنى ئاساسىي قانۇن مەنبەسى دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەدلىيە، سوت قاتارلىق ئورگانلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە چىرىكلىك بار، كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەھۋاللار بار ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى ئېچىنىشلىق ھالەتتە[10].

بۇنىڭدىن ئاساسىي قانۇن مەسىلىسىگە سەل قارىسا بولىدىكەن دەپ چۈشىنىلىپ قالسا بولمايدۇ، ھەرقانداق جايدىكى سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھېچكىم ئۇنداق قارىمايدۇ. مەن بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىدا يىلتىزى چوڭقۇر بولغان ھايات قارىشىدۇر. شۇنداقلا، جەمئىيەت كۈنۈپ ئادەتلەنگەن ۋە كىچىك

---

[9] يۇقىردا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قانۇننىڭ چەكلەش كۈچى چەكلىك، ئاساسىي قانۇن تاكامۇل بولغان بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقى ساغلام بولمىسا، يەنىلا جەمئىيەتتىكى مەسىلە تۈگىمەيدۇ، شەرىئەت تەتبىقلانمايدۇ (تەرجىماندىن).

[10] قانۇن ئىسلامىي بولسىمۇ، شەخس ئىسلامىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ تۈردىكى مەسىلىلەر تۈگىمەيدۇ، شۇڭا قانۇن ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، شەرىئەتنى دۆلەتكە تەتبىقلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە تەتبىقلاش لازىم (تەرجىماندىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ياكى بۇزۇلىشىدا زور تەسىرى بار. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاساسىي ۋە يىراق مۇساپىلىق كۆرەش ئاساسىي قانۇن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ساغلام ئەقىدە يېتىلدۈرۈش، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىمان بىلەن سۇغۇرۇپ، بۈيۈك ئىسلامىي قىممەت قاراش بىلەن تۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر.

## 4. ئۆزگىرىشچان مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات[11]

ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك شەرىئەت ئىكەنلىكى قانۇن چىقىرىش مېتودىدىكى مۇھىم بىر ئىشنى مۇلاھىزە قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىنسان ھاياتىدا زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان مەسىلىلەردە شەرىئەت قىسقىچە توختالغان، بۇ ھەقتە يولىيورۇق ۋە تەۋسىيە خاراكتېرىدىكى ئاز بىر قىسىم ھۆججەتلەر بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئەمما ئىنسان ھاياتىدا زامان، ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن

[11] ئىنسان ھاياتىدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەر بار. قارايدىغان بولساق، ئىنسان يارىتىلغاندىن تا ھازىرغىچە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگەرگىنى يوق، ئىنسانىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشى ئۈچۈن يات جىنسقا موھتاج بولۇشى، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېمەكلىككە موھتاج بولۇشى دېگەندەك بۇ ئىشلار تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدۇ، ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئۆزگەرمەس مەسىلىلەرگە قارىتا تەپسىلىي ھۆكۈم چىقارغان. ئىنسان ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن يېمەكلىككە موھتاج، شۇڭا ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا ھالال ـ ھارام قائىدىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئىنسان ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاساسىدا ئىنسانىنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇنى مۇجتەھىدلەر شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدىكى ئىجتىھاد بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. (تەرجىماندىن).

ئۆزگەرمەيدىغان مەسىلىلەردە بولسا تەپسىلىي توختالغان، تەپسىلىي يوليورۇق بەرگەن. مەسىلەن، ئەقىدە، ئىبادەت، ئوخشىمىغان جىنسلەر ئارىسىدىكى ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە شەرىئەتتە تەپسىلىي ھۆججەتلەر بار. شۇڭا، مۇسۇلمان خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى قانداق ئۆزگەرسۇن، ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتلىرى قانچىلىك يىراق بولسۇن، پېشىن نامىزىنى بەش رەكەتلىك ئوقۇش، بامداتتىن شامغىچە رامىزان تۇتۇش ئورنىغا، پېشىندىن شامغىچە رامىزان تۇتۇشتەك ئېھتىياج تۇيۇلمايدۇ. شۇنداقلا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئورنى ئالمىشىپ، ئايال ئەرگە ئەلچى كىرگۈزىدىغان، مەھرىنى ئايال ئۇستىگە ئالىدىغان ياكى تالاق ھوقۇقىغا ئايال كىشى ئىگە بولۇشتەك ئەھۋاللارغا مەجبۇرلۇق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار زامان ۋە ماكانىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئىشلار بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىجتىھاد دائىرىسىنى تارايتقان ۋە ئۇنى ئىجما دائىرىسىگە[12] كىرگۈزگەن. يەنى بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىختىلاپ جۈزئى مەسىلىلەردە بولىدۇ، ئاساسىي غول مەسىلىدە ئىختىلاپ بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ئاساسلىرى بولغان ناماز، زاكات، رامىزان ۋە ھەج قاتارلىق كۆرسەتمىلەردە بۇ مەسىلە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شۇرا (كېڭەش)، ئۆكتىچى كۆچلەرنى رەتكە سېلىش، ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھۆكۈمەت تەشكىللەش، خەلقئارالىق ئالاقە، سوت، سانائەت، ئىقتىساد ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار زامان، ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ، شەرىئەت بۇ مەسىلىلەردە يوليورۇق خاراكتېرىدە

[12] بىرلىككە كېلىنگەن ئىشلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىرىنسىپال مەسىلىلەردە توختالغان. ئۇنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى ۋە تەپسىلىي پىلانى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ھۆججەتلەر بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. ئىسلامدا ھۆججەتلەر كۆپ بولغاندا ئىجتىھاد دائىرىسى تارىيىدۇ، ھۆججەتلەر ئاز بولغاندا ئىجتىھاد دائىرىسى كېڭىيىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ كاتتىلىقى ۋە مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شەرىئەت بەزىدە ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ، ئۇ ھەقتە ھېچقانداق يولىيورۇق بەرمەيدۇ. بۇ ئەقلىمىز بىلەن ئىجتىھاد قىلىش ۋە يېڭى پىكىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. شەرىئەتنىڭ بەزى مەسىلىلەردە ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا: «ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارنى زايا قىلماڭلار، بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار، ھارام قىلغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنتۇپ قېلىپ ئەمەس، بەلكى رەھمەت قىلىپ سۈكۈت قىلغان ئىشلارنى كوچىلىماڭلار» دېگەن[13].

كائىناتنىڭ كېڭىيىشى، ھاياتلىق نىزامىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ مۇرەككەپلىشىشى تەسەۋۋۇرىمىز، باشقۇرۇش تۈزۈملىرىمىز ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىمىزنىڭ زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، يېڭىلىق يارىتىشقا موھتاج ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەزى تەدبىرلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى تەدبىر بەلگىلىنىشكە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىلگىرىكى

[13] دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان، ھەسەن ھەدىس.

باسقۇچ كېيىنكى باسقۇچنى ئۆزگە سىغدۇرالمايدۇ» ـ يەنى ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى سائىتى بار، بۇگۈنگە ماس كەلگەن تەدبىر ئەتىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن ـ دەيدىغان مېتود قائىدىسى بۇنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

تابىئىنلار دەۋرىدىكى شەھەرلىشىش ۋە مەدەنىيەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى ساھابىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن پەتىۋا، ئىجتىھاد ۋە ئىدارە تۈزۈمىنىڭ بۇ دەۋرنىڭ كۈلتۈر ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇڭا، تابىئىنلار ئىجتىھاد قىلدى ۋە باشقا ئۈممەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلاندى. مانا بۇ، مۇسۇلمانلار ھەرقايسى ئەسىرلەردە داۋاملاشتۇرغان ۋە دەۋرىمىزدىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشتۇر.

مەلۇم بىر ساھە ياكى مەلۇم بىر مەسىلىدە ھۆججەت ئاز بولسا، ئۇ مەسىلىدە ئىجتىھاد كۆپ بولىدۇ. ئۇ مەسىلىدە كەسكىن دەلىل ـ پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەرخىل قاراشلارنى قوبۇل قىلالايمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز مەيداندا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. بۇ بىزدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى تەلەپ قىلىدۇ:

ئىختىلاپلىق مەسىلىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئىمام شافىئىي ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپقا رىئايە قىلىپ، بەلكىم قارشى تەرەپنىڭ توغرىدۇ، دېگەن پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئىمام شافىئىي: «بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز توغرا، خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ بار. باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى خاتا، توغرا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ بار» دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پىكرىمىزنى كەسكىنلىك ۋە جەزمىيەتتىن يىراق ھالدا ئىجتىھاد ۋە كۈچلۈك ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشمىز مۇناسىپ. ئىمام جۇۋەينى «غىياسۇل ئۇمەم» ناملىق كىتابىدا ئىمام ماۋەردىينىڭ «ئەھكام سۇلتانىيە» ناملىق كىتابىدا، ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدىغان قاراشلارنى قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقنى تەنقىدلەپ مۇنداق دېگەن: «ھاكىمىيەت، سىياسىي تۈزۈم ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار شەرئىي سىياسەت چۈشەنچىسىگە ئائىت مەسىلە قاتارىغا كىرىدۇ. شەرئىي سىياسەت مەسىلىلىرى ھۆججەت ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىھاد ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ مەسىلە ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك ئىدى. ئەمما ماۋەردى ئۇنداق قىلمىغان، بۇنى ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى ھېس قىلالايدۇ»[14].

## 5. سىياسىي چۈشەنچىمىزدىكى كەمچىلىكلەر

ئىنسان بىر تەرىپى بولغان ھەرقانداق ئىلىم ـ مەرىپەتلەر، ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەر مۇرەككەپلىككە ۋە غۇۋالىققا مايىل بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش تەسلىشىدۇ. قانداق بىر مەسىلىدە ئىنسان مەۋجۇتلۇقى قويۇق بولىدىكەن، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن تەس بولىدۇ. بۇ ھاياتلىقتا ۋە ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرىدا جارى بولۇۋاتقان ئىلاھىي قانۇنىيەت. دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ئاممىۋى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئىدارە قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمنىڭ ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىشى شەخسنىڭ ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىگە قارىغاندا ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىقنى

[14] ئىمام جۇۋەينى، «غىياسۇل ئۇمەم»، 142 ـ بەت.

كۆپرەك موھتاج بولىدۇ. بۇ پەرز ئەين بىلەن پەرز كۇپايىگە ئالاقىدار مەسىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. پەرز ئەينگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە يېزىلغان كىتابلار ئىنتايىن كۆپ ۋە روشەن، ئەمما پەرز كۇپايىگە ئائىت مەسىلىلەردە يېزىلغىنى بولسا مۇرەككەپ ۋە غۇۋا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، پەرز ئەيننىڭ ئوبيېكتى شەخس بولغانلىقى، پەرز كۇپايىنىڭ ئوبيېكتى جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت مەدەنىيەت چۈشكۈنلۈكى ۋە تەرەققىياتتا چېكىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى، بۇ دەۋر بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشتى. بۇ دەۋرلەردە ئاتا - بوۋىلارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى مۇقەددەس ئورۇنغا ئۆتۈپ، ۋەھىي رامكىسى ئىچىدە ئىلىپ بېرىلغان ئىجتىھادلار ۋەھىيگە ئوخشاش مەسۇم قىلىندى. ھالبۇكى، مۇسۇلماندىن شەرئى ۋە قانۇنىي ئىشلارنىڭ مەنبەسى بولغان ۋەھىي بىلەن شەرئى ئەھكاملار ۋە ئىجتىھاد نەتىجىلىرى تەتبىقلىنىدىغان رېئاللىق ئارىسىدا، توختىماستىن ئەقىل ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

شەرئى ئىلىمدا پىشىپ - يېتىلگەن مۇسۇلمان ئالىم خۇددى ئىلگىرىكى ئالىملار ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلغىنىدەك بۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەدەنىيەت چۈشكۈنلۈكى ھەممە نەرسىنى بۇزدى، بۇ جەرياندا ئەقلىنىڭ ھەرىكىتى خۇددى پۇت - قولىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ قالدى. ئاممىۋى ھايات تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە، ئەقىل يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەزىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر پەتىۋالارنى چىقىرىشقا ۋە فىقھى ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەشكە قىزىقتۇرىدۇ.

ئىنسانىيەت بىلىملىرى ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەر رىئال ھاياتنىڭ مېۋىسىدۇر. شۇڭا، بۇ پەنلەر تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغاندا، ئەقىل ئۇنىڭ بىلەن زەرەتلىنىشى ۋە ئۇنى نەزەرىيەلەشتۈرىدىغان كۆپ ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ مىسالىنى ئۆتكەن ئوتتۇز يىل جەريانىدىكى ئىسلام ئىقتىساد ئىلمىدىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆسۈم بانكىلىرى ۋە ئىسلامى بانكىلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىشى، تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىشى، ئىسلامى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئىقتىساد فاكۇلتېتلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداقلا مەخسۇس ئىقتىساد، سودا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەتىۋا ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ سەۋەب بولدى. شەرىئەتنى مەنبە قىلغان ئىقتىساد فىقھىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان يۈزلەرچە ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي تۈزۈم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەرىكەتچانلىقتا قارىغاندا قاتماللىقتا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي ساھە بۇنداق گۈللىنىشكە ئېرىشەلمىدى.

سىياسىي چۈشەنچە ياكى شەرئى سىياسەت نامى بىلەن تونۇلغان بۇ ئىلىم تارىختىن بېرى ئىسلام فىقھىسىدىكى ئەڭ ئاجىز نۇقتا بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى رىئال ھاياتلىقنىڭ

چۈشكۈنلۈكى بولماستىن، بەلكى سىياسىي فىقھىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كۆپ ھاللاردا ئومۇمىي ئىشلارغا، جۈملىدىن ئىلمىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمدارلارنىڭ قىزىقىشى بىلەن ماس كەلمىگەنلىكى ئىدى. ئەمما ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك تەرەپتە بولسا، ئىجتىھاد ئەركىن، چەكلىمىسىز ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام تارىخىدا كۆپلىگەن ئۇرۇشلار، توقۇنۇشلار ۋە چوڭ مالىمانچىلىقلار يۈز بەردى. بۇ ئەھۋال فىقھشۇناسلارنى فىتنىگە ياكى مالىمانچىلىققا چۈشۈپ قېلىش، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە جەمئىيەتتە بۆلگۈنچىلىك يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، غەلىبە قىلغان تەرەپنىڭ ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشىنى قانۇنلۇق بولۇشقا ئۇيغۇن دەپ قارىدى. لېكىن، بۇ ئىسلام سىياسىي سىستېمىسىنىڭ نەزەرىيۋى ئاساسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلار پارلاق مەدەنىيەت تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن غايەت زور سىياسىي مەغلۇبىيەتنى تەنقىدلەش بەدىلىگە كەلدى.

ئىسلامنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسى بىرقانچە نۇقتىدىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا موھتاج:

1) ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەڭگۈلۈك شەرىئەت بولغانلىقى ھەرقايسى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى كۆپلىگەن بوشلۇقلارنى دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە شارائىتقا قارىتا ئىلمىي ئىجتىھاد ئارقىلىق تولدۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىجتىھاد ئارقىلىق تولدۇرۇلۇشى كېرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولغان نۇرغۇنلىغان بوشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان ۋە سۈننەتتە شۇرانىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش ۋاجىپمۇ ياكى هاكىم شۇرادىن پايدىلىنىپ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئېنىق بىر هۆججەت يوق. شۇنداقلا ئۆكتىچىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى جائىزمۇ ياكى جائىز ئەمەسمۇ؟ هاكىم، پارلامېنت ئەزالىرى قانداق سۈپەت ۋە سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك؟ هوقۇق قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەردە ئېنىق ۋە تەپسىلىي هۆججەت تېپىلمايدۇ.

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىنغان ئىشلار ئۆزگىرىشچانلىقا ئىگە ئىشلار بولۇپ، شەرىئەت بۇ ھەقتە ھەرقايسى خەلق ۋە ھەرقايسى دەۋرگە ماس كېلىدىغان كونكرېت ۋە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقارمىغان. شۇڭا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىهاد قىلىش ھەرقايسى دەۋردىكى ئالىملارغا ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلمىغاندا، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلار زايا بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە قالايمىقانچىلىق ۋە پىتنىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. «ۋاجىبنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ۋاستە بولىدىغان ئىشمۇ ۋاجىب» دېگەن فىقهى قائىدىسىگە بىنائەن يۇقىرىقى ئىشلارنى ئورۇنداش ۋاجىب بولىدۇ.

2) ئىنسان ئورۇندايدىغان ئىشلار ئىبادەت ۋە ئادەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**ئىبادەت:** ئىنسان ئاللاهقا يېقىنلىشىش ۋە گەدىنىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش مەقسىتىدە ئورۇندىغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىبادەت ئۆزى خالىغانچە قىلىنمايدۇ،

بەلگىلەنگەن بولىدۇ، بەلكى دەلىلگە موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھقا ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسە بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ.

**ئادەت:** ئىنسان ھاجىتىنى راۋا قىلىش، قىزىقىشى ۋە مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇنداقلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان ئەمەللەر ئادەت دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. يېيىش ـ ئىچىش، سودا ـ سېتىق، يېزا ـ ئىگىلىك، سانائەت، سەپەر قىلىش... ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەمەللەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئەسلىي پىرىنسىپ مۇباھلىقتۇر. شۇڭا، مۇسۇلمان بىر ئىشنىڭ ھاراملىقىغا ياكى چەكلەنگەنلىكىگە ئېنىق دەلىل بولمىغاندا، ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ھالەتتە بۇ ئىشلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ. ھالالنى ھارام قىلىش ھارامنى ھالال قىلغانغا ئوخشاشلا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «**أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةُ الْفَصْلِ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ ۗ وَإِنَّ الظَّالِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ**»، «ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن شېرىكلىرى بارمۇ؟ ئاللاھنىڭ كەسكىن ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[15].

يەنە: «**قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللَّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلَالًا قُلْ آللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ ۖ أَمْ عَلَى اللَّهِ تَفْتَرُونَ**» ئايىتىنىكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگەن رىزىقتىن

[15] شۇرا سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھقا يالغاننى چاپلامسىلەر؟»[16].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە: «ئىنسانلاردىكى ئازغۇنلۇق پەقەتلا ئاللاھ يولغا قويمىغان نەرسىنى دىن قىلىپ تۇتۇۋېلىش ياكى ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن[17].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەتكە تەۋە ئىشلاردىكى ئەسلىي پىرىنسىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش، نەزەرىيەلەشتۈرۈش ۋە قائىدىگە سېلىشتۇر. شەكسىزكى، ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرى ئىبادەتكە دائىر مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئادەتكە دائىر مەسىلىدۇر. بۇ بەزى ئادەت ۋە مۇباھ ئىشلار بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئادەت ئىبادەتكە ۋاستە بولۇش ئۈچۈن قىلىنغاندا، ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. خۇددى، تەھەججۇدگە تۇرۇش ئۈچۈن كەچتە بالدۇر ئۇخلاشقا ئوخشاش.

3) دەسلەپكى دەۋردە ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ فىقھىي نەزەرىيەسى مۇقىم چېگراسى بولمىغان پەتىھ دۆلەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەھۋالغا ئوخشىمايدىغان سىياسىي تۈزۈمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۈگۈنكى دۆلەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئىنچىكە بەلگىلەنگەن مۇئەييەن چېگرالىرى بار.



[16] يۇنۇس سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.
[17] «ئىسلام جەمئىيىتىدىكى سىياسىي جۇشەنچىلەرنى يېڭىلاش» 26 ۋە 27 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

ئىمپېرىيە دۆلىتىدە دۆلەتنىڭ كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىشى خەۋپى پۈتۈن ئورگانلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىمپېرىيە دۆلىتىدە ھاكىمىيەت خەلىپە ياكى دۆلەت رەئىسىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى رايون خاراكتېرلىك دۆلەتلەر ھاكىمىنىڭ ھوقۇقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلەش ئۈچۈن، ھوقۇقنىڭ تەڭپۇڭ ھالدا تەقسىملىنىشىنى تاللايدۇ. مانا بۇ شەرىئەت مەقسەتلىرىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە نامايان قىلىش ئۈچۈن سىياسىي چۈشەنچىنى يېڭىلاشقا ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

4) سىياسەت مۇمكىنچىلىك سەنئىتىدۇر؛ سىياسەت دېگەن ئومۇمىي ئىشلارنى ئىدارە قىلىش ماھارىتىدۇر؛ پايدا- زىياننىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ماھارىتىدۇر؛ شۇنداقلا دوستىنى كۆپەيتىپ، دۈشمەننى ئازايتىش سەنئىتىدۇر. بۇ ئۇقۇمدىكى سىياسەت مەلۇم مىللەت ياكى بىر دۆلەت سەۋىيەسىدە ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى سەۋىيەدە يۈرگۈزۈلىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن، بۈگۈنكى دۇنيا ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىدا سۈزۈك بولۇش، شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، چېرىكلىككە ۋە ھوقۇقنى مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ھەمدە ئۆكتىچىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەردە مول تەجرىبىلەر تېپىلىدۇ. مۇسۇلمانلار سىياسىي مەسىلە توغرىسىدا كەلگەن سىياسىي پىرىنسىپلار ۋە روشەن ھۆججەتلەر رامكىسى ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇ تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېرەك. مەسىلەن، قەدىمدە فىقھشۇناسلار ئۆز دەۋرىنىڭ تەجرىبىسىگە بىنائەن خەلىپىلىككە قانداق كىشى لايىق، ئۇ قانداق سالاھىيەتنى ھازىرلىشى كېرەك؟ دېگەن نۇقتىلارغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى. كېيىن بۇنىڭ پايدىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. چۈنكى، خەلىپىدە ھازىرلىنىشى كېرەك دېيىلىۋاتقان سۈپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە نىسپىيلىق ۋە غۇۋالىق بار ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى تەشكىللىي تەجرىبە ھۆكۈمەت ۋە خەلق بىردەك بويسۇنىدىغان سىياسىي تۈزۈمنى ياخشىلاشقا مايىل بولماقتا. چۈنكى، پۇختا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان سىياسىي تۈزۈم ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا قان ئېقىتماستىن ئىقتىدارسىز ياكى چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەتتىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.



بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرىدا سىياسىي تۈزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ ۋە مۇئەسسەسەلەشكەن ھالدا ئىجتىھاد ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىمەكچىمەن. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ قىلىشىغا ۋە ھەقىقەتكە يېتىپ بېرىشىغا تېخىمۇ لايىق مەسىلىدۇر.

## 6. باشقىنى تاللاش كرىزىسى

ئەرەب باھارى ئىنقىلابى يۈز بەرگەندە كۆپلىگەن كىشىلەر سىياسىي ساھەدە چوڭ كرىزىسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدى. بۇ كرىزىس، ئاساسىنى كۈچەيتىش كېرەك بولغان سىياسىي

تۈزۈمدىكى چوڭ پارچىلىنىش سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. بىزنىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىمىزدە، خەلىپىلىك قۇرۇش ياكى ئىسلامى ئەمىرلىك قۇرۇش پىكرى كۆپ سانلىق ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان پىكىردۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ساھابىلەر دەۋرى گەرچە بىزدىن يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

لېكىن ھازىر زامان ئۆزگەردى، دۆلەتلەرنىڭ ھەجمىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىز دۆلەتنى بىر شىركەتكە قىياس قىلغىنىمىزدا، تويوتاغا ئوخشاش تۆت مىليون خىزمەتچىگە ئىگە شىركەتنى ئىدارە قىلىش تەلەپ قىلغان ماھارەت تۆت - بەش خىزمەتچىسى بار كارخانىنى ئىدارە قىلىش تەلەپ قىلغان ماھارەتتىن پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈنكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ساپ ئىسلامىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىسلامىي پىكىر ۋە ئىسلام تارىخىغا قىزىقىدۇ؛ بەزىسى دېموكراتىيە، لىبېرالىزىم ۋە كاپىتالىزىم ئاساسىغا قۇرۇلغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە مەپتۇن؛ بەزىلەر سولچىل، يەنە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولسا بىز تىلغا ئالغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمەيدۇ.

دېموكراتىيە كۆپلىگەن خەلقلەرگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر، مۇقىملىق، ئىزچىللىق ۋە مۇۋەپپىقىيەتنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، دېموكراتىك تۈزۈم قانۇن بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە ھالال - ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى خەلققە بېرىدۇ. بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا، بۇ خىل ھوقۇق شەرىئەتكە مەنسۇپ. ھەرقانداق پارلامېنت ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا ياكى دىنىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنگەن كۆرسەتمىلەرگە مۇخالىپ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولمايدۇ.

شۇنداقلا، دېموكراتىيەنىڭ بىرقانچىلىغان ئەيىبى بار. ئۇ رەئىس سايلاشتا سايلام ساندۇقىغا ئاساسلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، رەئىس ياكى پارلامېنت ئەزاسىنى سايلاشتا، كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيون ۋە پېشقان ئالىم بىلەن ساۋاتسىز، نادان ۋە ھېچ نەرسىنى ياخشى تاللىيالمايدىغان قاراقورساقنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. شۇنداقلا دېموكراتىيە سىياسىي ئاڭنى قانات يايدۇرىدىغان ۋە خەلققە ھوقۇقلىرى بىلەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇتىدىغان سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ تەشكىللىنىشىگە موھتاج. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسى بۇنىڭمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ پارتىيەلىشىشى ئۇنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، ھەرقايسى پارتىيەگە تەۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت شەكىللەندۈرۈپ قويماقتا.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىز بۈگۈنكى كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىك، ئادالەت، ئىنسانىي ھۆرمەت، ئامانلىق، گۈللىنىش ۋە سىياسىي سەمىمىلىكتىن ئىبارەت ئېھتىياجلىرىنى ئۇلار ئىشىنىدىغان پىرىنسىپ ۋە ئەقىدە بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈمنىڭ تۈرىنى تاللاشتا كىرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئىنسان تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق تۈزۈم كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشكە موھتاج بولىدۇ.

ھەرقانـداق سياسـي تۈزۈمنـى تەنقدلـەش ئاسـان، ئەمما بىـز دىگـەن ئەيىبتـىـن خالـي سياسـي تۈزۈمنـى بارلىققا كەلتـۈرۈش تـەس. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، سياسـي تۈزۈمنـى گەرچـە كەمچىلىكتىـن خالـي بولمىسـىمۇ قوبـۇل قىلىـپ، ئۇنـى ئىسـلاھ قىلىـش ۋە ئۇنـى توغـرا ھالىتىگـە كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن تىرىشـىش كېـرەك.

قانداقـلا بولمىسـۇن، دۇنيـاۋى تەجرىبىلـەر دەيدۇكـى، ھەرقانـداق دۆلـەت ۋە خەلـق ھوقۇقنـى قولغـا ئېلىـش ۋە كۈچنـى تەقسىملەشـتە قانلىـق توقۇنۇشـلارنى باشـتىن كەچۈردى. ئۇلارنىـڭ بـۇ ساھەدىكى مەغلۇبىيىتـى غەلىبىسـىدىن كـۆپ بولـدى، بىزنىڭمـۇ بۇنىڭدىـن مۇستەسـنا قېلىشـىمىز مۇمكىـن ئەمـەس. شـۇڭا، مۇھىـم بولغىنـى سياسـي تۈزۈمدىـن كۆزلىگـەن نەرسىلەر بىلـەن ئېھتىيات قىلىدىغان نەرسـىلەرنى ئېنىق بەلگىلەپ، شـۇ ئاساسـتا ئىجتىمائىي ۋە سياسـىيى ئىسـلاھات يولىنـى داۋاملاشتۇرۇشـىمىز كېـرەك.

سياسـي ۋە ئىجتىمائـي تۈزۈمنـى تەرەققـي قىلـدۇرۇش كـۆپ ۋاقىــت تەلـەپ قىلىدىغـان ئـۇزۇن مۇسـاپىلىك ئىـش، مەغلـۇپ بولـۇش ئېھتىماللىقىمـۇ يـوق ئەمـەس. لېكىــن ئىنسـانلارنىڭ ھاكىمىيـەت ۋە ھوقـۇق ئىشـلىرىدىكى غەلىبـە ـ مەغلۇبىيـەت تەجرىبىسـىنىڭ كۆپلۈكـى بـۇ ئىشـنى ئاسانلاشـتۇرىدۇ. ھازىرقـى دەۋردە مۇسـۇلمانلارنىڭ روھـي ۋە ماددىـي ئېھتىياجىنـى قاندۇرىدىغــان، ئــارزۇ ـ ئارمانلىرىنــى ئەمەلگــە ئاشـۇرىدىغان، مۇسـۇلمانلارنىڭ دۇنيا قاراشـلىرى بىلـەن ماسلىشـىدىغان ئىسلامي سياسـي ئۈرنەكنـى تەرەققـي قىلـدۇرۇش ئۈچـۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بـۇ يولدىكـى تەجرىبىلىرىدىـن پايدىلىنىشـىمىز لازىـم. بـۇ ئىـش تـەس بولسـىمۇ، ئەمما مۇمكىــن بولمايدىغـان ئىـش ئەمـەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خەلىپىلىكنىڭ شەكلىگە قارايمىزمۇ، ماھىيىتىگىمۇ؟

توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر دەۋرى تارىختىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى ۋە ئىنتىلىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كەلدى. بۇ، تۆت خەلىپىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ۋە ئۇممەتنىڭ ئۇلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە كىچىك نوتا ھالىتىدىن، كىشىنىڭ ھەۋسىنى كەلتۈرىدىغان بەھەيۋەت ھالەتكە كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تارىختا قارايدىغان بولساق، خەلىپىلىك دېگەن بۇ گۈزەل ئىسمنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ئۆزىنى، پىكرىنى ۋە جامائىتىنى بازارغا سېلىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ھەرقانداق دەۋردە مۇسۇلمانلار ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتاپ، خەلىپىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن كىشىلەرنى كۆرگەن. قەدىمدىن تارتىپ ئىنسان شەكىل بىلەن ماھىيەت ئارىسىنى ئايرىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. بەزىدە ئىشنىڭ ماھىيىتىگە بېرىلىپ، شەكىلگە سەل قارىسا بەزىدە شەكىلگە مەپتۇن بولۇپ، ماھىيىتىدىن قۇرۇق قالغان. ھەر ئىككى ھالەت خاتالىق ۋە نۇقسانىدىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتمەكچى:

1. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىك ئۇقۇمىغا باغلىنىش سەۋەبلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خەلىپىلەردىكى ئاۋام خەلقنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدىن بەكرەك خەلىپىلەر ئاساس سالغان

تـۈزۈم پىرىنسـىپلىرىغا ئېھتىـرام نەزىـرى بىلـەن قاراۋاتقانلىقىنـى ۋە خەلىپىلەرنىـڭ ئەخلاقىـي پەزىلىتىنـى ھۆرمەتلەۋاتقانلىقىنـى بايقايمىـز. مەسـىلەن، ھەزرىتـى ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب ئـاۋام ـ خەلقنىـڭ ئەھۋالىنـى ئىگىلـەش ئۈچـۈن كېچىلـىرى مەدىنىنىـڭ كوچىلىرىنـى ئايلىناتتـى، ئـۇ كۈنـدۈزى ۋاقتىنـى مۇسـۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگـە سـەرپ قىلغانلىقـى بىلـەن كۇپايىلەنمەسـتىن، كېچىدىكـى ئۆزىگـە ۋە ئائىلىسـىگە خـاس ئـارام ۋاقىتلىرىنىـڭ بىـر قىسمىنى مۇسـۇلمانلارنىڭ خىزمىتـى ئۈچۈن سـەرپ قىلغـان ئىدى.

ئـاۋام خەلقنىـڭ ئەھۋالىغـا كۆڭـۈل بۆلـۈش ۋە ئۇلارنىـڭ ئەھۋالىنـى ئـۆزى بىـر قوللـۇق ئىگىلـەش ماھىيـەت ۋە مەزمـۇن ئارىسـىدىكى مەسـىلە بولـۇپ، بـۇ ھەرقايسـى زامانـدا ئوخشـىمىغان شـەكىلدە ئېلىـپ بېرىلىـدۇ. بىزنىـڭ دەۋرىمىـزدە رەئىـس ياكـى ئەمىر خەلقنىـڭ ئەھۋالىدىـن خـەۋەردار بولـۇش ئۈچـۈن، نەچچە مىـڭ كىشـىدىن تەركىـب تاپقـان ئورگانلارغـا موھتـاج بولىـدۇ. بـۇ ئورگاندىكـى خادىملار ھەزرىتى ئۆمەر ئورۇندىغان ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكـە، تەپسىلىي ئورۇندايـدۇ، رەئىـس كېچىدىكـى ۋاقتىنىـڭ بىـر قىسـمىنى ئورگانىنىـڭ خىزمەتلىرىنـى كۆزدىـن كەچـۈرۈش ۋە ئۇلارنىـڭ ۋەزىپىنـى تەلـەپ قىلىنغىنىـدەك ئورۇندىغانلىقىنـى بىلىـش ئۈچـۈن ئاجرىتىـدۇ.

ۋاقتىنىـڭ ئۆتىشـىگە ئەگىشـىپ شـارائىت ۋە يېڭـى ھادىسـىلەر بىلەن ماسلاشماسـلىق سـەۋەبىدىن ۋاسـىتىلەر، ئۇسـۇل ـ چارىلەر ۋە ئىجرائىيـە تەدبىرلىـرى ئۆزگىرىـدۇ. مەدەنىيـەت تەرەققىياتـى ئېلىـپ كەلگـەن ۋاسـىتە، ئۇسـۇل ـ چـارە ۋە ئىجرائاتـلار بەلگىلەنگـەن خىزمەتنـى ئاسـان ۋە تېخىمـۇ مۇۋاپىـق شـەكىلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورۇنداشقا قولايلىق يارىتىدۇ. ئەمما قىممەت قاراشلار ۋە ئاساسىي پىرىنسىپلار ھەيۋەتلىك تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئۇنىڭغا ئەگىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان پەتىھ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. پەتىھ ھەرىكىتى بىلەن ئىسلام دۆلىتىنى كېڭەيتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىسلام رىسالىتىنى دۇنياغا يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ياكى قولايلىق بولغان يولى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام ئىمپېراتورلۇقى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خىتاي چېگرالىرىغىچە ھەتتا ئاندۇلۇس (ئىسپانىيە)نىڭ شىمالىدىكى پىرانىس تاغلىرىغىچە كېڭەيگەن. ئۇ ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ شارائىتى ئۇنىڭغا يول قوياتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالاي دېدى.

بۈگۈنكى بارلىق دۆلەتلەر يەر شارى كوچىسىدىكى قاتار سېلىنغان، ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ كەينىگىمۇ كېڭىيىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىناغا ئوخشاپ قالدى. قايسى تەرەپكە كېڭىيىمەن دېسە، قوشنىسىنىڭ ھەققىگە بېرىپ تاقىلىدۇ؛ قوشنىسى ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ئۈستى تەرەپكىلا كېڭىيىش ئېھتىمالى بار، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئاجىز مەخلۇق بولغاچقا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياشىشىغا بەلگىلەپ بەرگەن زېمىندىلا ياشىيالايدۇ، خالاس. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى ئېنىقكى سىزىۋېتىلگەن، ھەرقايسى

دۆلـەت پەقـەت ئـۆز چېگراسـى ئېچـىدە ياشـايدۇ. بەلكـم بـۇ ئەھۋالمـۇ بـىر كۈنلـەردە ئۆزگىرـىپ قـالار.

ئۇنداقتـا، مۇسـۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنـى ۋە خەلىپىلـەر ئاسـاس سـالغان ئىشـلارنى قانـداق ئىشـقا ئاشـۇرۇش مۇمكىـن؟

بۈگۈنكى كۈندە مۇمكىن بولىدىغىنى شۇكى، ئىسلام خىزمىتىنى رەتكـە سـالىدىغان نۇرغـۇن پىلانـلار ۋە ئۇيۇشـمىلار بىلـەن بىرگـە فېدېراتسـىيە بىرلىكـى قـۇرۇش ياكـى ئورتـاق بـازار ئېچىشـتۇر.

خەلىـج (ئـەرەب قولتۇقـى) ئەللـىرى ئارىسـىدىكى مۇناسـىۋەتنى ئېخىمـۇ كۈچەيتىـش، شـام رايونىدىكـى دۆلەتلـەر ئۆزئارا ئالاقىسـىنى كۈچەيتىـش بىلـەن بىرگـە تۈركىيەگـە ئوخشـاش قوشـنا دۆلەتلـەر بىلـەن بولغـان ئالاقىنـى يۇقـىرى سـەۋىيەگە كۆتۈرۈش، شـۇنىڭدەك شـەرقي جەنۇبـي ئاسـىيا، شـىمالي ئافرىقا، ياۋروپـا ۋە ھىنـدى يېرىـم ئارىلىدىكـى مۇسـۇلمانلارنىڭ ئۆزئـارا ئالاقـە ۋە ھەمكارلىقىنـى كۈچەيتىـش ئىمكانىيىتـى بـار. ئەلۋەتتـە، بـۇ ئىشـلارنى ئورۇنـداش تـەس بولـۇپ، ئـۇ بـىر سياسـىي تەدبىرگـە، خەلقنىـڭ ئـاڭ ـ ساپاسـىغا، شـۇنداقلا كـۆپ تىرىشـچانلىق، سـەۋرچانلىق ۋە ۋاقىتقا موھتـاج.

دېمەككـى، ھەيۋەتلىـك بولغـان شـەكىل قولدىـن كېتىشـى مۇمكىـن، ئەممـا ماھىيـەت ھـەر ۋاقىـت قـەد كۆتـۈرۈپ تۇرىـدۇ. ماھىيـەت مۇسـۇلمانلارنىڭ بىرلىـك ئېتىقادلىقـى، بـىر ـ بىرىگـە ئىگە بولۇشـى، ياخشـىلىق ۋە تەقۋالىقتا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشـچە ئـەڭ گـۈزەل شـەكىلدە ھەمكارلىششـتۇر. ئاللاھ ئىنسـاننى پەقـەت ئۇنـىڭ قۇربـى يەتكـەن ئىشـقا تەكلىـپ قىلىـدۇ.

3. ئىمـام مالـىك ئىبنـى ئەنەسـنىڭ: «بـۇ ئۈممەتنىـڭ بېشـى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نېمە بىلەن ئىسلاھ بولغان بولسا، ئاخىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ بولىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ئىنتايىن توغرا، ھەق گەپ. ئەمما بۇ يەردە ئىخلاس، راستچىللىق، تەقۋالىق، دىنىي بىلىش، قۇربان بېرىش روھى ۋە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش دېگەندەك ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان قىممەت قاراشلار ۋە پرىنسىپلار مەقسەت قىلىنغان. ئەمما ئۇسۇل ـ چارە ۋە ۋاستىگە كەلسەك، ئۇ ھەمىشە ئەلىبىگە ئېلىپ بارالماسلىقى مۇمكىن. ۋاستىنىڭ ئەھمىيىتى پەقەت يەتمەكچى بولغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىقتىدارغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ.

مەسىلەن، بەيئەت كىشىلەرنىڭ ھاكىملارغا رازىلىقىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى. بەزىدە ئۇ ۋاستە رازىلىقنى ئىپادىلەشنىڭ شەكلى بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئاۋاز بېرىش ۋە قول كۆتۈرۈپ ئىپادە بىلدۈرۈش مۇۋاپىق شەكىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاساسىي پرىنسىپ قوغدىلىدۇ، ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئەمما ۋاستە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

4. خەلىپىلەرنىڭ تەجرىبىسى بۈيۈك ۋە بەرىكەتلىك تەجرىبىدۇر. لېكىن، ئۇ ئىشكى ئېتىۋېتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى تەجرىبە ئەمەس. توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر يولغا قويغان ھۆكۈمدارلىق ئۇسۇلى ھەرقايسى زامان ۋە ماكانىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى ئۇ چارە ـ تەدبىرلەر ئۈممەتنىڭ ئۈلگىسى ۋە كاتتا ئالىملىرى بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىھاد ئىدى. تۆت خەلىپىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە تاللاپ چىقىلغانلىقى ئېنىق

بولـۇپ، ئـۇلار ئۇممـەت تەرىپىدىـن ياكـى بىـر يەرگـە كېلىـش ئاسان بولغـان كىشـىلەر تەرىپىدىـن تاللانغـان. ئـۇلار قوللانغـان ئۇسـۇل ـ چـارە ۋە ئىجرائىيـە تەدبىرلىرىنىـڭ ئوخشماسـلىقى بىرگـە مۇسـۇلمان ھاكىمىنىـڭ ھـەر ۋاقىـت ئاللاھنىـڭ رازىلىقىنـى ئىشقا ئاشـۇرىدىغان ۋە ئۇلارنـى ھاكىم قىلىـپ تاللىغـان خەلقنىڭ مەنپەئەتىنـى قوغدايدىغـان ئـەڭ ياخشـى يولنـى ئىزدىشـى لازىـم، دېگەندىـن ئىبـارەت مۇھىـم بىـر سـىگنالنى بېرىـدۇ.

قانــداق بىــر ئۇممەتتــە ئىجتىھــاد قىلىــش روھــى ئۆچــۈپ تەقلىدچىلىـك ھۆكـۈم سۈرسـە، ئـۇ ئۇممـەت ئىلگىرىكىلـەر ئەمەلگە ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن ھەرىكـەت قىلغـان مەقسـەتلەر ۋە پايـدا ـ مەنپەئەتلەرنىـڭ يېڭـى يوللىـرى ھەققىـدە ئىزدىنىشـىنىڭ ئورنىغا، ئەجدادلارنىــڭ ئىزدىنىشــلىرىگە مۇقەددەسـلىك نەزىــرى بىلــەن قارايدىغــان بولــۇپ قالــدۇ. ناھايىتــى ئەپسۇسـكى، بۈگۈنكـى مۇسـۇلمانلارنىڭ ئەھۋالـى دەل مۇشـۇنداق بولماقتـا.

سـاھابىلەر رەسـۇلۇللاھ ۋاپـات بولغاندىــن كېيىــن، ئۇلارغـا يېتەكچىلىـك قىلىدىغـان ئىمام (رەئىـس) تاللاش ئۈچۈن يىغىلغان ئىدى. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كىمنىڭ رەسـۇلۇللاھقا ئىزباسـار بولـۇپ، ئۇممەتكـە يېتەكچىلىـك قىلىدىغانلىقىغـا دائىـر ئوچـۇق، كەسكىن ھۆججـەت يـوق ئىـدى. شـۇڭا، ئـۇلار مۇسـۇلمانلارنىڭ بىرلىـك ئىتتىپاقلىقـى ۋە كۈچىنـى سـاقلاپ قېلىـش ئۈچـۈن، ئىشـەنچلىك، دىيانەتلىـك، ئەخلاقلىـق ۋە تاپشـۇرۇلغان ئىشـنىڭ ھۆددىسـىدىن چىقالايدىغـان لاياقەتلىـك كىشـىنى تاللاپ چىقىش مەقسـىتىدە كېڭەشـكەن.

مۇسـۇلمانلار كېيىنكـى خەلىپىلەرگـە بەيئـەت قىلغاندىمـۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلىگەن. ئەمما ھەر قېتىم خەلىپە تىكلىگەندە شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي شارائىتقا رىئايە قىلىنغان.

بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئەگەر ئىسلامىي خەلىپىلىك يەنە بەش يۈز يىل داۋام قىلىنغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە تاللايدىغان ۋە رازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان قانچىلىك يوللىرى بولغان بولاتتى؟

ئېھتىمال، خەلىپە سايلاش بىر قانچە باسقۇچ بىلەن تاماملىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئاۋام خەلق كېڭەش ئەزالىرىنى سايلىشى، ئاندىن كېڭەش ئەزالىرى خەلىپىنى سايلاپ چىقىشى مۇمكىن، ياكى ھەرقايسى رايوندىكى كىشىلەر باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىشى، ئاندىن ئۇلار خەلىپىنى سايلاپ چىقىشى مۇمكىن، ياكى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك خەلىپىنىڭ ھوقۇقىنى بىرقانچىلىغان دۆلەت ئورگىنىغا تەقسىملەپ، خەلىپە سايلىمى، كېڭەش ئەزالىرى سايلىمى، ئالىي سوت مەھكىمە سايلىمى ۋە مىللەت ئاقساقاللىرى سايلىمىغا ئوخشاش... سايلاملار بولۇشى مۇمكىن.

5. تارىختا قارايدىغان بولساق، ھاكىمىيەت ياكى ئىماملىق مەسىلىسىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ئۇرۇش ۋە فىتنىلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەقتە شەھرىستانى: «ئۇممەتنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىختىلاپ ئىمام ياكى ھاكىملىق مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپتۇر. ھەر دەۋردە ھاكىمىيەت ئۈچۈن قىلىچ سۇغۇرۇلغىنىغا ئوخشاش باشقا بىر دىنىي قائىدە سەۋەبلىك قىلىچ سۇغۇرۇلۇپ

باقمغـان»[18] دېگـەن.

ئەگــەر بــز ئىختىلاپنىــڭ ئاساســلىق ماھىيىتــى ھەققــدە ئىزدەنگىنىمىــزدە، ئىختىلاپنىــڭ قىممەت قاراشــلار ۋە پىرىنسـىپلار بۇزغۇنچىلىققــا ئۇچرىغانــدا، ياكــى بــەزى ئۇقــۇم ۋە ئاتالغــۇلار روشــەن بولمىغانــدا، ياكــى ئىشــلارنىڭ مۇھىملىــق تەرتىپىنــى بەلگىلەشــتە ئىختىــلاپ كۆرۈلگەنلىكىنــى بايقىيالايمىــز. ھەرگىزمۇ ئىختىــلاپ ۋاسىــتە، ئۇسـۇل ـ چارە ۋە ئىجرا قىلىـش تەدبىرىنىڭ ئوخشــىمىغانلىقى ســەۋەبىدىن كېلىــپ چىقمىغــان. ھەزرىتــى ئەلــى بىلــەن تەلھــە، زۇبەيــر ۋە ئائىشــە ئانىمىــز ئوتتۇرىســىدىكى ئىختىــلاپ بــۇ نۇقتىنــى روشەنلەشــتۈرۈپ بېرىــدۇ. شــۇنداقلا، ھەزرىتــى ئەلــى ۋە ئۇنىــڭ ئەتراپىدىكــى كىشــلەرنىڭ مۇئاۋىيــە ۋە ئۇنىــڭ ئەتراپىدىكــى كىشــلەر بىلــەن بولغــان ئىختىلاپىمــۇ بــۇ نۇقتىنــى روشەنلەشــتۈرۈپ بېرىــدۇ. خاۋارىجلارنىــڭ تەھكىــم مەسىلىســدە، مۇســۇلمانلار جامائىتىدىــن ئايرىلىــپ چىقىشــمۇ بۇنىــڭ تىپىــك مىسالى.

بۇنىڭدىــن كۆرۈۋېلىشــقا بولىدۇكــى، كىشــلەر ســەۋەپ ۋە ۋاســىتىلەرنىڭ ئىجتىھـاد ۋە بىـر ـ بىرىگـە يـول قويـۇش بىلـەن مۇناســىۋەتلىك ئىــش ئىكەنلىكىنــى، لېكىــن ئاساســي مەقسەتلەر ۋە پىرىنســىپلارنىڭ ۋاز كېچىــش ۋە مۇرەسســە قىلىشــنى قوبــۇل قىلمايدىغانلىقىنــى بىلگــەن. دېمەككــى، ئۇقــۇم ۋە ئاتالغۇلارنىــڭ روشــەن، ئېنىق بولۇشــى ئىشــلارنىڭ راۋان بولۇشــغا ۋە كۆپلىگەن ئىختىــلاپ، توقۇنۇشــلاردىن ساقلىنىپ قېلىشــقا يــاردەم بېرىــدۇ.



[18] د. زىيائۇددىن رەئىس، «ئىسلامنىڭ سىياسىي نەزەرىيەلىرى»، 89 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## توغرا ھاكىمىيەت

توغرا ھاكىمىيەت دېگىنىمىز دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىدارە قىلىدىغان يول دېمەكتۇر.

بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پەيغەمبىرىمىز يولىيورۇقلىرى، ئەخلاقى، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئىشلارغا تۇتىدىغان مەۋقەسى ئارقىلىق توغرا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەندىزىسىنىڭ تۇنجى ئۈلىنى سالغان كىشىدۇر. لېكىن، پەيغەمبىرىمىز مەسئۇم زات بولغاچقا، ۋەھيى تەقەززاسى بويىچە قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۈممەتنىڭ رەھبىرى سالاھىيىتىدە ئىجتىھاد ئارقىلىق قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش بەزى ۋاقىتلاردا تەس.

شۇڭا، توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر پەيغەمبەرنىڭ يولىدا مېڭىپ، توغرا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ تولۇق ئۈلگىلىرىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەر دەپ ئېيتالايمىز. بىز ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسەت دۇنياسىدا ئاساس سالغان قىممەت قاراشلار ۋە پرىنسىپلارنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەيمىز. رىم ۋە پارس ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تارىخىنى ئوقۇغان كىشىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي تۈزۈلمە زۇلۇم ۋە چىرىكلىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن

مۇستەبىت، ئادالەتسىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى گەرچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى قىسقا، دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسى نىسبەتەن كىچىك بولسىمۇ، ئىسلامنىڭ سىياسەت ۋە دۆلەت باشقۇرۇش دۇنياسىدىكى يۆنىلىشى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇممەت ۋە دۆلەتكە رەھبەر بولىدىغان مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ ئەخلاقى ئۇچۇن كاتتا ئۆرنەك ۋە ئۈلگە ياراتقان كىشىدۇر، مەن بۇ نۇقتىغا قىسقىچە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن:

1. رەسۇلۇللاھ ئۆزىدىن كېيىن كىمنىڭ ئۆزىگە ئىزباسار بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆججەت قالدۇرمىغان ياكى ۋەسىيەت قىلمىغان. لېكىن، ساھابىلەر بىر - بىرىنىڭ قەدرىنى ۋە ھەر بىرىنىڭ دىنىغا قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى، كىمنىڭ شەرىئەتكە قانچىلىك ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ساھابىلەرنىڭ ئىماملىق (ھاكىملىق) ۋە ئەگىشىشكە لايىق پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بەزى دەلىللەر بار ئىدى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇلار ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئىتائەت قىلسا توغرا قىلغان بولىدۇ» دېگەن[19]. يەنە: «مەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن[20]. بۇ ئىككى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا كىمنىڭ ئىمام بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان، ئەمما ئۇلار ئىمام بولسۇن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن.

[19] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[20] ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇڭلاشقا، ساھابىلەرنىڭ بەنى سائىدەنىڭ ھويلىسىدىكى كېڭەشتە ئىسلامدىكى ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان كاتتا بىر يىغىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ئۇلار كېڭەشتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھاكىم قىلىپ سايلىمىدى، ياكى ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتا قەبىلىسىگە تەۋە كىشىنى تاللىمىدى، شۇنداقلا پۇل-مېلى ئەڭ كۆپ كىشىنىمۇ تاللىمىدى، بەلكى ھاكىملىقتا ئىسلامغا ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقان، رەسۇلۇللاھقا ئەڭ يېقىن تۇرغان، ئەڭ تەقۋادار ۋە ئەڭ سەممىي كىشىنى تاللىدى. رەسۇلۇللاھتىن: «ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر مېنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىرلىرىم»[21] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ يولىيورۇقنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى بولدى، كېيىن ئاۋام خەلقنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، كىشىلەر رەھبەرنىڭ ئىشەنچلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇشىغا قاراش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ لاياقىتى ۋە قابىلىيىتىگىمۇ قارايدىغان بولدى. ھاكىمنىڭ قابىلىيەتلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ نۇقتا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ: ﴿يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾ «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈكتۇر ۋە ئىشەنچلىكتۇر»[22].

ھەزرىتى ئۆمەر: «ئاللاھقا پاسىقنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە ئىشەنچلىك ياخشى كىشىنىڭ ئاجىزلىقىدىن شىكايەت قىلاتتى».

[21] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن دېگەن.
[22] قەسەس سۈرىسى، 26 - ئايەت.

2. ئەبۇ بەكرى ئۆزىنى ساھابىلەر خەلىپىلىككە كۆرسەتكەندە، ھۆكۈم ۋە رەھبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالايدىغان ھەربىر كىشى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بولغان مەيداندا تۇرغان، ئۇ خەلىپىلىككە تاللانغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتمىگەن، بەلكى كىشىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ياكى ئەبۇ ئۇبەيدە بىن جەرراھقا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان ساداقىتىنى ۋە خەلىپىلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنىڭ بۇ مەيدانى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا مېنى باشلىق قىلساڭ دەپ ئەمەل تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە: «مەنسەپكە تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن كىشىلەرنى تەيىنلىمەيمىز»[23] دېگەن كۆرسەتمىسىدىن كەلگەن. مەنسەپپەرەسلىك قىلماسلىق، ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ كەينىدىن يۈگۈرمەسلىك پەقەت ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارلا رىئايە قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسلامنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىغا رىئايە قىلغان بىلەن قىلمىغاننىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن پايدا ـ زىيىنى ھەممىگە ئايدىڭ.

3. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى قېتىملىق سۆزىدە، يۈرگۈزمەكچى بولغان سىياسىتىنىڭ تۈرىنى ئېلان قىلمىغان، بەلكى ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ ماھىيىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ: «ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرگە خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ قالدىم. ھالبۇكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئەمەس، ئەگەر مەن ياخشى قىلسام، ماڭا ياردەم قىلىڭلار. ئەگەر خاتالىشىپ

[23] بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قالسام، تۈزىتىپ قويۇڭلار. راستچىللىق ئامانەتتۇر، يالغانچىلىق خىيانەتتۇر. ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشى مېنىڭ نەزىرىمدە كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن. ئاراڭلاردىكى كۈچلۈك كىشى مېنىڭ نەزىرىمدە ئاجىز ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، مەن ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىپ ئالىمەن. ئاللاھقا ئىتائەت قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەنىدى.

1) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد (كېڭەش ئەزالىرى) تەرىپىدىن كېڭەش ئاساسىدا ھاكىم بولۇپ سايلانغان، ھوقۇقنى تارتىپ ئېلىۋالمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى قانۇنلۇقتۇر.

2) ئۇ كىشىلەرگە بەرگەن باياناتىدا ئۆزىنىڭ بۇ مەنسەپكە تاللانغانلىقىنى، بارلىق كىشىلەردىن ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. چۈنكى، ئوخشىمىغان ئەسىرلەردە نەچچىلىگەن مىللەتلەر ھاكىملىرىغا ئىلاھىي تۈس بېرەتتى ۋە ئۇلارنى مەسۇم دەپ ئويلايتتى.

3) ئۇ ئاۋام خەلققە سەمىمىي ۋە راستچىل بولىدىغانلىقىنى، راستچىللىقنىڭ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ئامانەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

4) ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دەسلەپكى ۋاقتىتىن باشلاپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەققەت تەرەپتە تۇرىدىغانلىقى، ھەققەت قەيەردە بولسا، شۇ يەردە بولىدىغانلىقىنى قارار قىلغان ھەمدە دۆلىتىنىڭ ھەرگىزمۇ كۈچلۈك، ئابرۇيلۇق، ئېسىل نەسەبلىك ۋە

پۇل ـ مالغا ئىگە دۆلەتمەنلەرگە يانتاياق بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزسە، خەلىپىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، چۈنكى ئىسلام ھەقىقەتىنى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.

5) ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى كۈندە «ئاساسىي قانۇندىن يۇقىرى پىرىنسىپلار» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم بىر نەرسىنى ئېنىق روشەنلەشتۈرگەن. ئۇ بۇ توغرىدا: «ئەگەر مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر مەن ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خەلىپىنىڭ خالىغان ئىشنى يولغا قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ ھەمدە ئۆزى خالىغىنىچە ئىش قىلىش سالاھىيىتىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش رامكىسى ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ، يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار شەرىئەت ئالدىدا باراۋەر.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پۇقرالارنى ئۆزىنى نازارەت قىلىشقا ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى دائىرىسىدە تۇرغۇزۇشقا، رىئايە قىلماي قالسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىققا ۋە يۈز خاتىرە قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ باياناتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسىنىڭ بۈيۈك بىر ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىشى بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان. مەيمۇن ئىبنى مەھران بۇ توغرىدا: «ئەبۇ بەكرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىشىغا داۋالاشقۇچىلار كەلسە، ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارايتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى تاپالمىسا، سۈننەتكە قارايتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى تاپسا، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر تاپالمىسا، ساھابىلەردىن: ماڭا مۇنداق- مۇنداق ئىشلار كەلدى، مەن قۇرئان، سۈننەتتىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم تاپالمىدىم. سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە بىرەر ھۆكۈم چىقارغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟- دەپ سورايتتى. بەزىدە بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا:- رەسۇلۇللاھ بۇ ئىش ھەققىدە مۇنداق - مۇنداق.... ھۆكۈم چىقارغان دېسە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى. ناۋادا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم تاپالمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى ۋە ئالىملىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى. ئۇلار بىر پىكىرگە بىرلىككە كەلسە، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى»[24].

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇئەسسەسەلىشىش ۋە كەسپىلىشىش تەرەپكە قاراپ يول ئىزدەۋاتقان يېڭى دۆلەتتە بۈيۈك ھاكىم قىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىشنى قىلغان ۋە ئۇنى روياپقا چىقىرىش يولىدا شەرئەت مېتودىغا ۋە يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئەقىل مەنتىقىسىگە ئەگەشكەن.

4. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خۇسۇسىي مال-مۈلۈكى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئارقىلىق، ئاۋام خەلقنىڭ ھەققىدىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشنىڭ ئاساسىنى سالغان. مانا بۇ توغرا ھاكىمىيەت

[24] جالالىدىن سۇيۇتى، «خەلىپىلەر تارىخىي»، 141 - بەت.

يۈرگۈزۈشىنىڭ ئەڭ چوڭ تۈۋرۈكىدۇر. تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندا، ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رازى بولمىغان ۋە ئەبۇ بەكرىگە تارىختىكى ھاكىملارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن مائاشنى بەلگىلەپ بەرگەن. يەنى، ئۇنىڭغا كۈنلۈكى ئىككى تەڭگە بېرىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەرقانداق بىر ئۈممەتنىڭ تارىخىدا پەقەت ئەڭ ئاز سانىدىكى بۈيۈك ھاكىملارلا قىلالايدىغان ئۇلۇغۋار ئىشنى قىلغان. ئۇ سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، قىزى ھەزرىتى ئائىشەنى چاقىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىدىن ئۆزىنىڭ مال -مۈلكىگە كىرىپ قالغان نەرسىلەرنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەش دىرھەمگىمۇ يارىمايدىغان بىر يېپىنچا، ھەبەشىستانلىق بىر دېدەك بىلەن بىر قۇل ۋە بىر سۇ توشۇيدىغان تۆگىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ھەزرىتى ئۆمەرگە مەسلىھەت بېرىپ:-بۇ نەرسىلەرنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسىگە قالدۇرايلى دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر:- كەبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەبۇ بەكرى ھايات ۋاقتىدا گۇناھكار بولۇشىدىن قورققان ئىشنى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن ھەرگىزمۇ قىلمايمەن. ھەي ئەبۇ بەكرى، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەن سەندىن كېيىنكى بارلىق ئەمىرلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ- دېگەن[25].

[25] ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە تەپسىلى بايان، 338 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

5. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ھاياتىدىن خەۋەردار بولغىنىمىزدىن كېيىن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇ ئىسلام ئىستىراتېگىيەسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخستۇر. ئۇنىڭ نەزەر-دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىقى، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتىكى تالانتى ئۇنى ھەقىقىي تەڭداشسىز بىر شەخسكە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى (زاھىدلىقى)، قول ئاستىدىكى ۋالىيلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئاۋام خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەسىر ئۈچۈن بۈيۈك ئۈلگە بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر كەمتەرلىك، زاھىدلىق، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى قوغداشتا تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن، ئۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى يولۇقمىغان چوڭ خىرىسلارغا دۇچ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەتنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن ۋە ئۇ باشقۇرىدىغان كىشىلەر توپى ئۆزگەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئۆزگىرىشلەرگە تولىمۇ دانالىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دانالىق بىلەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ھەزرىتى ئۆمەر ياماق چۈشكەن كىيىملەرنى كىيەتتى ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، بۇ توغرىدا ھەزرىتى ئۆمەر ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. ئۇ ھەرقايسى رايونلارغا بەلگىلىگەن ۋالىيلىرىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىر يولدا مېڭىشىنى تەلەپ قىلاتتى. تارىخشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ھەزرىتى

ئۆمەر بىرەر شەخسنى مەنسەپكە تەيىنلىسە، ئۇنىڭغا ئەھدىنامە يازدۇرۇپ، بىر بۆلەك مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنى ئەھدىنامىگە شاھىت قىلدىغانلىقىنى، مەنسەپكە تەيىنلەنگەن كىشىگە ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنمەسلىكنى، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى يېمەسلىكنى، يۇمشاق كىيىملەرنى كىيمەسلىكنى، كىشىلەرگە ئىشىكنى ئېتىۋالماسلىقنى ۋە دەرۋازىۋەن ئىشلەتمەسلىكنى شەرت قىلاتتى[26].

2) ھەزرىتى ئۆمەر قول ئاستىدىكى ۋالىيلار ۋە دۆلەتتە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان كىشىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۆگۈنكى كۈندە باش تەپتىش دەپ ئاتىلىدىغان ۋەزىپىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ۋەزىپىنى تەسىس قىلغان، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى باش تەپتىشلىككە تەيىنلىگەن. ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلگەندە، قول ئاستىدىكى ئەڭ چوڭ مەنسەپدارنىمۇ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاشقا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى پىرىنسىپى «ھەر كۈنى بىر ۋالىينى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىغىنىم زالىم ۋالىينى بىر سائەت ۋەزىپىدە قالدۇرغىنىمدىن ياخشى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ يەنە: «قول ئاستىمدىكى ھەرقانداق ۋالىينىڭ بىرەر ئادەمگە زۇلۇم قىلغانلىقى ماڭا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، مەن ئۇ ۋالىيغا تەدبىر قوللانمىسام، زۇلۇم قىلغۇچى مەن بولىمەن» دەيتتى .

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن



---

[26] ئىلگىركى مەنبە: 358 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى، ئۇ ھەرقانداق ۋالىيدىن ۋەزىپە ئۆتەمەكچى بولغان شەھەرگە كۆندۈزدە (قانچىلىك مال- مۈلۈكى بارلىقىنى كىشلەر كۆرىدىغان ۋاقىتتا) كىرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق بولغاندا ۋالىيلاردىن ھېساپ ئېلىش ئاسان بولاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىنى ۋالىيلار ۋە ئاۋام - خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت دەپ قارىغان. شۇڭا، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ھەجگە ئۆمەك ئەۋەتىپ، ئۇنى ۋالىيلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى ھەمدە ۋالىيلار ۋە ھەرقايسى يۇرتتىكى ئەمەلدارلاردىن ھەجگە كېلىپ، خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلارنىڭ دوكلاتى بىلەن پۇقرالارنىڭ شىكايەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقاتتى[27].

3) ھەزرىتى ئۆمەر ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى مەنسەپكە قويۇش ئىشىدا بەك ئېھتىياتچان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ سۈزۈكلۈكىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قابىل ئادەملەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ۋەزىپىگە قويمايتتى.

ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، بىر قېتىم بىر ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوغلى ئابدۇللاھنى بىر ئىشقا مەسئۇل قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئابدۇللاھ ئىلمى ۋە تەقۋالىقى بىلەن تونۇلغان قابىل كىشى بولسىمۇ، ھەزرىتى ئۆمەر تەكلىپ بەرگەن كىشىگە كايىپ:

[27] ئىلگىرىكى مەنبە، 359 - بەت.

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا بەرگەن بۇ مەسلىھەتىڭدە ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمىدىڭ» دېگەن. ئۇ يەنە: «كىمكى بىر ئادەمنى تۇغقىنى ياكى يېقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىسە، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا خىيانەت قىلغان بولىدۇ» دەيتتى.

ئۇ قەستكە ئۇچرىغاندا، خەلىپىلىك ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالتە كىشىلىك ھەيئەت تەشكىللىگەن، ئوغلى ئابدۇللاھنى خەلىپىلىككە نامزات قىلماسلىق شەرتى بىلەن ھەيئەت ئەزاسى قاتارىدا بولۇشنى ۋەسىيەت قىلغان.

4) توغرا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى شۇكى، چوڭ - كىچىك دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ھوقۇق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۈچەيتىدىغان ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئاممىۋى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۈچەيتىش چىرىكلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىشنىڭ ھەر تۈرلۈك شەكىللىرى بار. بەزىدە سوۋغا - سالام قوبۇل قىلسا، بەزىدە پايدىسى ياخشى سودا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، بەزىدە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن شىركەت - كارخانىلارنى قورۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ... پەيغەمبىرىمىز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مەنپەئەت ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان تۇنجى كىشىدۇر. پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىم ئىبنى لۇتبىيە دېگەن بىر ئادەمنى زاكات يىغىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىدۇ، ئۇ ئادەم ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندە: «ماۋۇ زاكاتتىن يىغىلغان نەرسىلەر، ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىنغان نەرسىلەر ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سىلىنىڭ بولسۇن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ خۇتبە سۆزلەپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «مەن ۋەزىپىگە قويغان ئادەمگە قارىمامسىلەر؟ ئۇ: <ماۋۇ نەرسىلەر سىلىنىڭ بولسۇن، ماۋۇ ماڭا سوۋغا قىلىنغان نەرسىلەر ئىدى> دەۋاتىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قاراپ باقسۇن، ئۇنىڭغا كىم سوۋغا بېرىدىكەن قېنى؟» دېگەن[28].

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىشتا رەسۇلۇللاھ سىزىپ بەرگەن يولدا ماڭغان بولۇپ، ۋەزىپىگە قويماقچى بولغان كىشىلەردىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشنى بۇيرۇيتتى. بۇنداق بولغاندا، مەمۇرنىڭ ۋەزىپە ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، نەپ ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئاسان بولاتتى. شۇنداقلا ھەزرىتى ئۆمەر قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ نەپكە ئېرىشمەسلىكى ئۈچۈن مەنسەپ تۇتقان شەھەرلەردە تىجارەت قىلىشنى چەكلىگەن ئىدى.

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھارىس ئىبنى كەئب ئىسىملىك بىر مەمۇرى خىزمەتچىسى بار ئىدى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ ئۈستى ـ بېشىنىڭ يېڭىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان. ھارىس ھەزرىتى ئۆمەرگە:ـ مېنىڭ ئازراق مېلىم بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلدىم، تىجارەتتە پايدا ئېلىپ مېلىم كۆپەيدى،ـ دەپ جاۋاپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا:ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى تىجارەت

[28] مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقىنى دەپ، ئۇ ئىبرىشكەن پايدىلارنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرغۇزغان[29].

5) توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر ئاۋام خەلققە ھاكىملارنى تەنقىد قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ھەقتە كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەسىرلىك ۋەقەلىرى بار. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ھاكىملارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى تەنقىدلەش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىلمىگەن، ئىجتىمائىي نازارەت مەۋجۇت بولمىغان ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى باشقىلارغا كۆرۈنگىدەك شەكىلدە سۈزۈك بولمىغان ھەرقانداق بىر دۆلەتتە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ دۇرۇس خىزمەت قىلىشى تەس بولىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىگە نەسىھەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەيتتى. ئۇ: «ماڭا ئەيىبىمنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەيتتى. ئۇ يەنە: «ئەگەر مەن خاتالاشسام، مەندىن ئەيىبنىپ، خاتالىقىمنى كۆرسىتىپ قويىدىغان كىشىنىڭ بولماسلىقىدىن قورقىمەن» دېگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرنى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا: «ھەي ئۆمەر! ئاللاھتىن قورق» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى سۆزلەشتىن توسماقچى بولغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى دېمىسەڭلار، سىلەردە ياخشىلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق، بىزدە ياخشىلىق بولمايدۇ» دېگەن.

[29] ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە تەپسىلى بايان، 338 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى ئۆمەر ھەرقانداق ئىشتا ئوچۇق - يورۇق، پاك ۋە سۆزۈك بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، بەزى كىشىلەر ھەزرىتى ئۆمەرگە ئاددىي ۋە شەخسىي ئىشلاردىمۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنغان. ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ئۈستىدە ئۇزۇن كىيىم بار ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر خۇتبىسىدە: «ئى ئىنسانلار! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» دېيىشىگىلا بىرەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغىلى، بۇيرۇقىڭغا ئىتائەت قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن. ھەزرىتى ئۆمەر: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى: «ھەر بىرىمىزگە بىر كىيىملىك رەخت تەقسىملەپ بېرىلگەن، تەقسىملەنگەن رەخت ئەۋرەتنى يېپىشقا ئاران يېتىدۇ. سەن ئېگىز ئادەم، ئۈستۈڭدىكى بۇ ئۇزۇن كىيىم نەدىن كەلدى؟» دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ئادەمگە: «جايىڭدا تۇرۇپ تۇر» دەپ ئوغلى ئابدۇللاھنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن خالايىققا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابدۇللاھ غەنىيمەتتىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان رەختنى دادىسىغا بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئابدۇللاھنىڭ گەپلىرىگە قانائەتلىنىدۇ. ئاندىن ھېلىقى كىشى ئېھتىرام بىلەن: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئەمدى گېپىڭنى ئاڭلايمىز، بۇيرۇقىڭغا ئىتائەت قىلىمىز» دەيدۇ.

6) ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ توغرا ھاكىمىيەت ئاساسلىرى سۈپىتىدە ئورناتقان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى ھوقۇق مەنبەسى مەسىلىسىدۇر. يەنى خەلىپە ياكى ئىمام ياكى دۆلەت رەئىسى ھاكىم بولۇش ئۈچۈن قانۇنلۇق بولۇش سالاھىيىتىنى كىمدىن ئالىدۇ؟

ئېنىقكى، ئۈممەت بۇ ھوقۇقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا مەنبە يوق. تۆت خەلىپىنىڭ تاللىنىش يولى بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ. بۇخارىي ۋە باشقا كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنغان بايانلار بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر بىر ئادەمنىڭ «ئەگەر ئۆمەر ئۆلۈپ كەتسە، پالانىغا بەيئەت قىلىمەن» دېگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ: «بىر ئادەمنىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ بەيئىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلغان دېگەن گېپى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، ئەبۇ بەكرىنىڭ بەيئىتى ھەقىقەتەن شۇنداق تاماملانغان. لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ خەترىدىن ئۈممەتنى ساقلىدى، ئاراڭلاردا خەلىپىلىككە تەلپۈنگەن كىشى ئەبۇ بەكرگە ئوخشىمايدۇ. كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ بىر ئادەمگە بەيئەت قىلسا، بەيئەت قىلىنغۇچى ۋە بەيئەت قىلغۇچىنىڭ ھالاكەتكە دۇچار بولماسلىقى ئۈچۈن ئەگىشىلمىسۇن» دېگەن[30].

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ سۆزىدە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بەيئىتىنىڭ چوڭ ساھابىلەر ئالدىرىغانلىقتىن، بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمايلا ئەبۇ بەكرگە جىددىي بەيئەت قىلىنغانلىقىنى ئىزاھلىماقچى بولغان. چۈنكى، چوڭ ساھابىلەر خەلىپىلىككە ئەبۇ بەكرىدىنمۇ بەكرەك لايىق كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماستىن، بىرەر ئادەمگە بەيئەت قىلىشنىڭ خەترىدىن ئۈممەتنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا بىرەر ئادەمگە بەيئەت قىلىش بەيئەت قىلغۇچىنى ۋە بەيئەت ئالغۇچىنى خەتەرگە يەنى ئۆلۈمگە دۇچار قىلىدۇ.

[30] بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر مۇشۇ يولدا ماڭغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ كۇفە ۋالىيسى ۋەلىيد ئىبنى ئوقبە[31]نىڭ ھاراق ئىچكەنلىكى ئىسپاتلانغاندا، ئۇنىڭغا شەرئى جازا بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[32].

لېكىن ئىسلام دۇنياسىدا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، ئۇرۇشلار ۋە ئىچكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن قاتتىق چېكىنىش يۈز بەردى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ لايىقىدا تەتقىقات ۋە چوڭقۇر تەھلىلگە ئېرىشەلمەسلىكى ئۈممەت توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر دەۋرىدە بەھرىمەن بولغان نۇرغۇن پرىنسىپلار ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ يوقىلىشىغا ئېلىپ باردى.

تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، پرىنسىپلار تاشلاپ قويۇلغاندا ئۆز فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، بەلكى ئۇ قوغداشقا، ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئۇنى ئەمەلىي تەتبىقلاشقا موھتاج بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، كۈچلۈك نازارەت سىستېمىسى قۇرۇش، تەشۋىقات ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پرىنسىپلار ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پىكىرلەر ۋە مەزمۇنلار ھەققىدە يەنە توختىلىمىز.



---

[31] ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى.

[32] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# دىن ۋە سىياسەت

ئالاقە دۇنياسى چېگىش ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، دىن بىلەن سىياسەتنىڭ ئالاقىسى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىششچانلىق ۋە پەرقلىنىش ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن، سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنىڭ دىنىي ئالىملار ۋە سىياسىيونلار ئارىسىدىمۇ بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، تەسەۋۋۇر، مېتود ۋە پىرىنسىپتىكى ئوخشىماسلىقنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە تەسىرىنى ئىپادىلىشى نورمال ھادىسە، بىز بۇنى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھەر ۋاقىت ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىز.

سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ ئالاقىسىنى تۆۋەندە قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن:

1. ئىسلام رىسالىتى ئاللاھ ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى رىسالەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا، دەۋەت يەتكەن بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىي. شەرىئەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قارىغان كىشى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ پۈتۈن ھاياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا شەكلەنمەيدۇ.

شۇ نۇقتىدىن، خەلىپىلىككە: «خەلىپىلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىنىنى قوغداش ۋە دۇنيانى ئىدارە قىلىش ئىشىغا ئىزباسار بولۇش» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. ئىبنى خەلدۇن خەلىپىلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتقلىما بېرىپ: «ئۇ شەرىئەت ساھىبىنىڭ دىننى قوغداش ۋە دۇنيانى دىن بىلەن ئىدارە قىلىشتىكى ۋەزىپىسىگە ئىزباسارلىق قىلىشتۇر» دېگەن. دۇنيانى ئىدارە قىلىش شەرىئەت روھىغا ئاساسلىنىدۇ ھەمدە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى، ئەھكاملىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

2. دىننىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى ۋە ناھايىتى ئېنىق بولغان كەسكىن ھۆكۈملىرى بار. شۇنىڭدەك ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ جۈزئىي ۋە تارماق مەسىلىلەردىكى ئاز بولمىغان ئىجتىھادلىرىمۇ بار. بۇ ئىجتىھادلارنى چۈشىنىش ۋە ئىسپاتلىنىش جەھەتتىكى زاننىي (كۈچلۈك ئېھتىماللىقى) ئىگە دەلىللەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئىختىلاپ ھەر ۋاقىت بىز تارماق دەپ بىلگەن مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىدە بولغان. پرىنسىپاللىقتا تەۋە دائىرىلەردە ئىختىلاپ يۈز بەرمىگەن.

سىياسەتكە كەلسەك، ئۇ پايدا ـ مەنپەئەتنى قوغداپ، ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ۋە زىيانغا قارشى تۇرۇپ، ئىمكانقەدەر ئۇنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، سىياسەت مۇمكىنچىلىك ماھارىتى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق دۆلەتتە ھوقۇق تۇتقان كىشى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن يىراق كىشىلەر بىلمىگەن، ھېس قىلمىغان ئىشلارنى بىلەلەيدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن، سەممىي، پاك نىيەتلىك دەپ قارالغان سىياسىيونىڭ پايدا ـ مەنپەئەت ۋە زىيانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە فەقىھ ۋە دەۋەتچىلەر كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈشى تەبىئىي. دېمەككى، كۆپلىگەن مەسىلىلەردە سىياسىيونلار بىلەن دىنىي ئالىملارنىڭ پەرقلىق چۈشەنچىگە ئىگە

بولۇشى نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

3. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئەخلاق بىلەن سىياسەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىق بار. سىياسىيونىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە پىرىنسىپلىرى ئۇنى قانۇنىي بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ھەمدە ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە پىرىنسىپىغا ماس ھالدا پايدا - مەنپەئەت بىلەن زىياننى دەڭسەشكە ئۈندەيدۇ.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىيونىنىڭ ئەقەدە ياكى ئەخلاقىي تەۋەلىكى ئۇنىڭ كۆپلىگەن پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقىدىغان، دۇرۇس ۋە سەممىيەت ئۈستىدە يېتىلگەن سىياسىيون ئومۇمەنىڭ ئىشىنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ۋىجدانى راھەتلىنىدىغان شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. ئەكسىچە پۇرسەتپەرەس، ھوقۇقپەرەس ۋە مۇستەبىت كىشى تەختكە چىقىپ قالسا، ئۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ۋاستىلەرنى قايسى شەكىلدە بولمىسۇن، شەخسىي مەنپەئەتى ۋە قىزىقىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ ئارىسىنى ياكى ئەخلاق بىلەن دىنىنىڭ ئارىسىنى مۇتلەق ئايرىۋېتىش قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت.

توغرا، ھازىرقى دۆلەتلەر شەخسلەرنىڭ دۆلەتنى كونترول قىلىۋېلىشىنى چەكلەيدىغان نۇرغۇن قارار ۋە چەكلىمىلەرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق سىياسىي قۇرۇلمىنىڭ بېشى بەھرىمەن بولىدىغان سالاھىيەت ھەمىشە ھاكىمنىڭ بىر قىسىم دۆلەت ئىشلىرىنى ئەخلاق قارىشى ۋە مىجەزىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىجرا قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

4. ھەرقانداق ياخشى مۇسۇلمان ئىسلام پىرىنسىپلىرى ۋە ئەھكاملىرىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە تەتبىقلانغانلىقىنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن زېرىكمەستىن - تېرىكمەستىن ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

لېكىن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككى ئىش بار؛ بىرىنچى، ئىسلامىي ئېقىمدىكى كىشىلەر خەلققە ئىسلامىي پارتىيەلەرنىڭ شەرىئەتنى تەتبىقلاشقا ھېرىسمەنلىكى ئەمەلىيەتتە ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى دەيدىغان تەسىر بېرىپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئاۋام خەلقنىڭ شەرىئەتنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ھوقۇققا ئېرىشىش بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ھوقۇققا ئېرىشمەكچى بولغانلارنى پەرقلەندۈرۈشى تەس. خەلقىمىزنىڭ سىياسىي تەجرىبىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇلارنى بىرىنچى خىل چۈشەنچىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، بۇ ئەھۋال بەزى ئەرەب ئەللىرىدە يۈز بەرگىنىدەك، سالىھ كىشىلەرگە تەۋە خەلق كۈچىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازلاپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرقانداق پۇقراغا ئۇنىڭ خاس دىندارلىقىغا قاراپلا باشقىلارغا بېرىلمىگەن ئىمتىياز بېرىلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، بۇ ۋەتەنداشلىق ئۇقۇمىغا سەلبىي تەسىر بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىمتىياز بېرىلگەن شەخسكىمۇ زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، دىندارلىقنىڭ ساھىبىغا دەۋەت، تىجارەت ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە بېرىدىغان نوپۇزى بىلەن سىياسىي ساھەدە بېرىدىغان نوپۇزىنى ئايرىش مۇھىم.

دۆلەتتىكى قانۇنىي ئورگانلار بىلەن ئىجرائىيە ئورگانلىرىنىڭ

ئارىسنى ئايرىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگىنىمىزدەك، شەخسلەرنىڭ دىنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە پايدىغا ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. چۈنكى، بۇ دىندار شەخسنىمۇ، سىياسىي تۈزۈلمىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە تۇتۇش ماھارەت ۋە ئىقتىدارغىلا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئىشەنچلىك ۋە سەممىي بولۇشقىمۇ باغلىق. لېكىن بۇ ئىشلار بەلگىلەنگەن قانۇنىي پىرىنسىپلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكى لازىم.

5. دەۋەت، ئەدلىيە، پەتىۋا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي ئىشلاردا ئىخلاس، تەقۋالىق، سەممىيلىك بىرىنچى ئورۇندا، ئىقتىدار ۋە ماھارەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە ئىدارە ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇلار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئادالەت تارازىسىنى، ئىككىنچى بولۇپ تەقۋالىق ۋە ياخشىلىق تارازىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئىمام ئەھمەدتىن بىرى سالىھ، تەقۋادار ئەمما ئاجىز، يەنە بىرى پاسىق، ئەمما قابىل ئىككى ئەمىر بار بولسا، ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلەن بىرگە جىھاد قىلىش كېرەكلىكى سورالغاندا، ئىمام ئەھمەد: «پاسىقنىڭ كۈچى مۇسۇلمانلارغا، ئەسكىلىكى ئۆزىگە. ياخشىنىڭ ئاجىزلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا، ياخشىلىقى ئۆزىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئىقتىدارلىق پاسىق بىلەن جەڭ قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن[33]. (دېمەك، پاسىق

[33] ئىبنى تەيمىيە «پەتىۋالار مەجمۇئەسى، 28 / 254.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارلىق، قابىل بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جىھاد قىلىش كېرەك دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ).

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشقا ئۇنىڭدىن كۈتۈلگەن مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىقتىدارى يېتىدىغان كىشىنى ۋەزىپىگە قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خالىد ئىبنى ۋەلىيد مۇسۇلمان بولۇپ قىسقىغىنە ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنى قوماندان قىلغان. ئەبۇ زەر رەسۇلۇللاھتىن بەزى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ھەي ئەبۇ زەر، سەن ئاجىز ئادەم، مەنسەپ دېگەن ئامانەت، ئۇ قىيامەت كۈنى ھەققى بىلەن ئالمىغان ۋە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ھەقنى ئورۇندىيالمىغان كىشىگە خارلىق، ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن[34].

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ھاكىم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تاللاش مەسىلىسىدە ئىنچىكە ئۆلچەم بار. دېمەك، قىلغان ئىشىدا ئۇتۇق قازانغان؛ تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، ئاۋام ـ خەلققە تولۇق مۇلازىمەت قىلىدىغان؛ دۆلەتكە كۈچ قوشۇپ، ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان كىشى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشكە ئەڭ لايىق. بۇ كۆزقاراش رەئىس ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئەقىدىسىگە ۋە ئەخلاقىغا قاراپ تاللاش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئەمما بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىقتىسادىي ئىشلاردا سەممىي ۋە دۇرۇس بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى سالاھىيەت ۋە ئىقتىداردىكى سەممىيلىكتىن تۆۋەن ئەمەس. چۈنكى، مەمۇرىي ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى

[34] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

چىرىكلىك بولغۇنىچە تەرەققىي قىلغان دۇنيانى ۋەيران قىلغان مىكروبقا ئايلىنىپ قالدى.

6. ئىجتىھاد دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى دىن بىلەن سىياسەت ئارىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شەرئى مەسىلىلەردىكى ئىجتىھاد دائىرىسىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ئىجتىھاد دائىرىسىدىن تارلىقى ئېنىق. بۇنىڭ بىر قانچىلىغان سەۋەبى بار:

ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە ئىشلىرى ۋە ئەدەب ـ ئەخلاققا دائىر دەلىللەر كۆپ بولۇپ، بۇ ئىجتىھاد دائىرىسىنى تارايتىدۇ. تەكلىفىي ھۆكۈمنىڭ پەرز، ۋاجىب، ھارام، مەكرۇھ، سۈننەت ۋە مۇباھتىن ئىبارەت قىسىملارغا بۆلۈنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەگەر بىز ئالىملارنىڭ زاكات بېرىدىغان ئورۇن، كەبىنى تاۋاپ قىلىش ياكى ۋاكالەت توختامنامىسى قاتارلىق ئىشلاردىكى ئىختىلاپ قىلغان ئىشلارغا قارىساق، تىلغا ئالغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپنىڭ بەك ئازلىقىنى، ھەتتا مەلۇم بىر مەسىلىدىكى ئوخشىمىغان قاراشنىڭ بەشكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ مەسىلىلەردىكى دەلىللەرنىڭ كۆپلۈكى كۆپ ۋاقىتلاردا ئىختىلاپقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئالىملار كۆپىنچە مۇباھ بىلەن مەكرۇھ ياكى مۇباھ بىلەن مۇستەھەب ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلغان. گاھىدا ھارام بىلەن مەكرۇھ ياكى ۋاجىب بىلەن مۇستەھەبلىك مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن.

ئەمما سىياسىي ئىشلارغا قارايدىغان بولساق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. چۈنكى، ھەرقانداق سىياسىي مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر تەھلىل قىلىش، كۆزقاراشنىڭ ئۆزگىرىشى،

www.uyghurkitap.com

نەزەر دائىرىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ۋە سىياسەتچىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئېرىشكەن ئۇچۇر بىلەن سانلىق مەلۇماتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك.

پەلەستىن مەسىلىسى، ھۆرلۈك، ئىجتىمائىي ئادالەت ياكى يېڭى ئوتتۇرا شەرق ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرگە نەزەر سالغان كىشى بەزى تارماق مەسىلىلەردە ئوخشاش، بەزىسىدە پەرقلىق بولغان ئون نەچچىلىگەن تەھلىل ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بايقايدۇ. دىنىي ئىشلاردىكى ئىجتىھاد دائىرىسى بىلەن سىياسىي ئىشلاردىكى ئىجتىھاد دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سىياسىيونلار بىلەن فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى كۆپلىگەن ئىختىلاپ ۋە ئۇقۇشماسلىقلارغا سەۋەب بولغان ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى تارىخىي ئىختىلاپنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. فەقىھ سىياسىيونىنىڭ ئىنتايىن تۇراقلىق بولۇشىنى، سىياسىي مەۋقەسى ۋە ئىپادىلەشلىرىدە قاتتىق مەسئۇلىيەتچان ۋە ئىنچىكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما سىياسىيون فەقىھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن سىقىلىش ھېس قىلىدۇ ۋە فەقىھنى سىياسىي سەھنىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەنمىدى ۋە سىياسىي مەسىلىنىڭ سەزگۈرلىكىنى ھېس قىلمىدى، دەپ تەنقىد قىلىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، مۇسۇلمان سىياسىيون ئەقىدە ۋە ئومۇمىي فىقھىي دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش ۋە ھايات ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسلام پىرىنسىپلىرى، قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاممىۋىي تۇرمۇشتىكى يىلتىزىنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك، فەقىھمۇ سىياسەتنىڭ پايدا ـ زىيانىنى مۆلچەرلەشنى ئاساس قىلغىنىدەك، ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يامانلىقنىڭ ئەڭ يامىنىدىن ساقلىنىش ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك. بۇنىڭغا قوشۇپ، سىياسىيوننىڭ دائىم ئىچكى ۋە تاشقى بېسىمغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنى دۆلەتنى قاتتىق كرىزىستىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى خالىمايدىغان بەزى تەدبىر ـ چارىلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ[35].

## خۇلاسە

بىز پەتىۋا، ئەدلىيە، دەۋەت، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئاڭنى كۈچەيتىشكە موھتاج. دىن بىلەن سىياسەتنى ئايرىش خاتا ۋە مۇمكىن بولمىغىنىدەك، دىنىي ئىشلاردىكى ئىجتىھادمۇ خۇددى سىياسىي مەسىلىلەردىكىدەك ئوچۇق ۋە كەڭرى بولىدۇ، دەپ قاراش خاتا. چۈنكى، فەقىھ ئىجتىھاد پىرىنسىپىغا تايىنىدۇ ۋە دەلىل بىلەن ئىجمانى ئاساس قىلىدۇ. شۇنداقلا سىياسىيونىمۇ فەقىھتەك بارلىق دەلىللەرگە ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك دەپ قارىلىشىمۇ خاتا. چۈنكى، سىياسىيون پىلانىنىڭ بىر پۈتۈن مەغلۇپ بولماسلىقى ئۈچۈن تەدرىجىي ئىسلاھاتقا تايىنىدۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمۇ ئاۋام ـ خەلقنى ئىسلاھ قىلىشتا، تەدرىجىي ئىسلاھ قىلغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ: «مەن كىشىلەرگە ھەقىقەتنى بىراقلا يۈكلىسەم، كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىراقلا رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن ئىكەن.

[35] دىن ۋە سىياسەت، 110 ۋە 116 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد (مىللەت ۋەكىللىرى)

«ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد» دېگەن سىياسىي ئىشلارنى رەتكە سېلىشتا قەدىمدىن بېرى ئىشلىتىلىۋاتقان ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتە تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ ئىجتىھادنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۈممەت خەلىپىلەر دەۋرىدىن باشلاپلا، ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەرنى تاللاشتا، جەمئىيەتتىكى قابىل كىشىلەرگە تايىنىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ سەرخىللىرى رەسۇلۇللاھقا ئىزباسار بولۇپ، ئۈممەتكە ئەمىر بولىدىغان كىشىنى تاللاش ئۈچۈن، بەنىي سائىدە قورۇسىغا توپلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، ھاكىم ھوقۇقنى ئۈممەتتىن ئالىدۇ. ئۈممەتنىڭ ھاكىمدىن رازى بولۇشى ھاكىمغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان سالاھىيەت بېرىدۇ.

ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ئۇقۇمى بۈگۈنكى كۈندىكى «سىياسىي قاتلام» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئوخشايدۇ. سىياسىي قاتلام جەمئىيەتتە سىياسىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي سەھنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىدىمۇ تەسىرى كۈچلۈك بولغان سەرخىللاردىن تەشكىللىنىدۇ.

# ئۇقۇمدىكى ئېنىقسىزلىق

ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد ئۇقۇمى ۋە بۇ ئۇقۇمدىن مەقسەت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرقانچىلىغان سوئاللار بار. ئەمەلىيەتتە، ئەھلۇل ھەللىنىڭ خىزمەتلىرىنى رامكا ئاساسىدا ئىدارە قىلىدىغان ئورگاننىڭ بولماسلىقى، بۇ سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۆلچەم ۋە سۈپەتلىرىنى بېكىتىپ چىقىشقا ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولماقتا.

شەرئى سىياسەتتىن خەۋەردار ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە بىرقانچىلىغان پەرقلىق چۈشەنچىسى بار: بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ئۇلار شەرىئەت ئۆلىمالىرى ۋە تۈرلۈك ساھەلەردە توغرا پىكىر، تەجرىبە ۋە ئىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇلار قەبىلە ئاقساقاللىرى، ھەربىي قوماندان، يۇرتتىكى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەردىن شەكىللەنگەن بىر توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋام ـ خەلق ئالدىدا مەلۇم ئىجرائىيە ھوقۇقى ياكى كۈچلۈك ئابرۇيى بولىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇلار ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە كۈچ ساھىبلىرىدىن تەشكىللىنىدۇ. مېنىڭچە بۇ يۇقىرىقى ئىككى قاراشتىن كۈچلۈك.

كۆپ ھاللاردا ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد دېگەن ئاتالغۇ «ئەھلى شۇرا» (كېڭەش ئەزاسى) دېگەن ئىسىم بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بەلكى ئەھلى شۇرا دېگەن ئىسىم ئەھلۇل ھەللى دېگەن ئىسىمدىن بالدۇر پەيدا بولغان ۋە بالدۇر قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدنى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىش ئىگىلىرى دەپ قارىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېتى

ئاللاھ بۇ توغرىدا: «**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنكُمْ ۖ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا**»، «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە) مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[36].

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىش ئىگىلىرى ئەمىرلەر، سۇلتانىنىڭ ۋەكىللىرى، قازىلار، قوماندانلار، ئىقتىساد مەسئۇللىرى، كاتىپلار ۋە زاكات يىغقۇچى خادىملار... نى كۆرسىتىدۇ. شەيخۇلئىسلامنىڭ ئەھلۇل ھەللىنى ئىش ئىگىلىرى دەپ تەپسىرلىگىنى بويىچە بولغاندا، ئەھلۇل ھەللى ئىجرائىيە ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزى ئەھلۇل ھەللى ئۇقۇمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جەمئىيەتتىكى سەرخىللاردىن سىرت ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىدىكى مەمۇرىي خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەھلۇل ھەللى ئۇقۇمى تارىختىن بىرى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تېگىشلىك كۆڭۈل بۆلۈنۈشكە ئېرىشەلمىگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان بولمىغاندىن سىرت، تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن ئەھلۇل ھەللىنىڭ رولى بەكمۇ



[36] نىسا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.

ئاجىزلاشقانلىقى، بەلكى كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ ئۇقۇم سەھنىدىن غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

## ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقدىنى رەتكە سېلىش

مېنىڭچە، شۇرا ئەھلى ياكى ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد مەسىلىسىدىكى ئاساسىي قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى رەتكە سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى رەتكە سېلىش تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇلارنى تاللاپ چىقىش:

بىر دۆلەتتە ئەھلۇل ھىللى سۈپىتىگە توشىدىغان ئادەم نەچچە ئون مىڭ ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. بەلكى يۈز ياكى ئىككى يۈز، كۆپ بولغان تەقدىردە مىڭ ئادەمنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇندىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنى كىم تاللاپ چىقىدۇ؟

ناۋادا بىز ئۇلارنى ئۈممەت تاللايدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا ھىندونېزىيەگە ئوخشاش 250 مىليون ئاھالىگە ئىگە دۆلەتتە بۇ مەسئۇلىيەت قانداق ئورۇندىلىدۇ؟ ئۇلارنى ھاكىم بېكىتىدۇ دېسەك، بۇ ساھابىلەرنىڭ قىلغان ئىشىغا مۇخالىپ. چۈنكى، ئەھلۇل ھىللى ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارنى ھاكىم بېكىتىدۇ دېگەندە، ھاكىملار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بۇ كىشىلەر قانداقمۇ ھاكىملاردىن ھېساب ئېلىش، ئۇلارنى نازارەت قىلىش، ئۇلارنى تاللاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى ئورۇندىيالايدۇ؟ تەبىئىكى، بۇنى ئورۇنداش قانداقلا بولمىسۇن تەس. ئۇلار ھاكىم تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىكىتىلگەنىدە بىۇ ۋەزىپىنى ئورۇنىداش تېخىمۇ تەسلىشىدۇ ياكى مۇمكىىن بولمايدىغىان ئىشىقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

2. ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدىدە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك سۈپەت:

بىز ئۆلىمالىرىمىزنىڭ سۆزىگە قايتىپ كېلەيلى، ماۋەردىنىڭ قارشىدا، ئەھلۇل ھەللى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: بىرىنچى، ئادىل بولۇش. ئىككىنچى، ئىماملىققا سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرنى تونۇغۇدەك ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش. ئۈچىنچى، پىكرى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك بولۇش. نەۋەۋىينىڭ قارىشىدا، ئۇلار ئۆلىمالار ۋە رەئىسلەردۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەھلۇل ھەللى ئىش ئىگىلىرى بولۇشى كېرەك. خەتىب باغدادىي شۇرا ئەھلى ياكى ئەھلۇل ھەللى دېگەن ئىجتىھاد ئەھلى بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەھلۇل ھەللى بولماقچى بولغان كىشىدە مۇجتەھىد فەقىھتە تېپىلىشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىشى كېرەك.

ئەھلۇل ھەللى ھەققىدە دېيىلگەن قاراشلارغا قارىساق، بۇ ھەقتە ئون نەچچە تۈرلۈك كۆزقاراش بارلىقىنى بايقايمىز. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشلارغا ئاساسەن، ئەھلۇل ھەللىنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان: ئادىل، بىلىملىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، دانا، زېرەك، تەدبىرلىك، ئىشەنچلىك، راستچىل بولۇشى ھەمدە ھەسەتخورلۇق ۋە بەسلىشىشتىن ئىبارەت يامان خۇيدىن يىراق بولۇشى، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىكى، شۇنداقلا كىشىلەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋەتلىشىپ قېلىشتىن خالىي بولۇشى كېرەك.

بۇلاردىن مەلۇمكى، ئالىملىرىمىز رىئاللىقتا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى تارىختا ئاڭلىغان، ئەمما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلىگەن.

## تەنقىدي پىكىر

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلغاندا، بەيئەت ئەھلى ۋە ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ئىدى دېگەن قاراش ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى. ساھابىلەر ئىچىدىكى ئەھلۇل ھىللى سالاھىيىتىگە كىمنىڭ بەك لايىق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىگە ئاساسەن بېكىتىلەتتى. مەسىلەن، بەدر ئەھلى، مۇھاجىرلار، ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان كىشىلەر... شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساھابىلەرنىڭ تەقۋادار، دىيانەتلىك ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان يېقىنلىقى ئۇلارنى چوڭ ۋەزىپىلەرگە نامزات قىلىدىغان ئالاھىدىلىك ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ئۆزگىرىشلەر بۇ ساھەلەردە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دەۋرگە لايىق ئۇسۇل - چارە قوللىنىشقا ئۈندەيدۇ.

پىرېزىدېنت (دۆلەت رەئىسى)، كېڭەش مەجلىسى، پارلامېنت ۋە ئالىي مەھكىمىگە ئوخشاش دۆلەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپنى ئىگىلەيدىغانلارنى تاللاش ئۇسۇللىرىغا كەلسەك، ئالدىمىزدىكى بىردىنبىر يول ئۇلارنى سايلام ئارقىلىق تاللاش. ئەلۋەتتە، نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئۆز ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر ئادەمنى رەئىس قىلىپ تاللاپ چىقىشى مۇمكىن، ئەمما رىئال ئەمەلىيەتكە قارىساق، جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى بۇ نەزەرىيەنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

سايلامدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغان ئىكەن، شەرئى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رەئىسنى خەلقنىڭ بىۋاسىتە ئاۋاز بېرىپ سايلىشى بىلەن شۇرا ياكى پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى ئارقىلىق سايلاپ چىقىشىنىڭ پەرقى يوق. بۇ نۇقتىدىكى ئەمەلىي مول تەجرىبىگە ئاساسەن ئۇ ئىككى تۈرنىڭ ھېچقايسىسىدا يەنە بىرىگە قارىتا ئەۋزەللىكى يوق. چۈنكى، بۇ يەردىكى مەقسەت ئۈممەتنىڭ ھاكىم بولىدىغان كىشىگە قارىتا رازىلىقىنى ئىپادىلىشىدۇر.

ئەلۋەتتە، سايلام ھەر ۋاقىت ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشىنى تاللىيالمايدۇ. بەلكى بەزىدە ئەڭ لاياقەتلىك كىشى شاللىنىپ، لاياقەتسىز كىشى تاللىنىشى؛ ياخشى كىشى شاللىنىپ، يامان كىشى تاللىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولسۇن، سايلام نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنى قوبۇل قىلمىغاندا، ئالدىمىزدا مۇستەبىتلىك ياكى ئىچكى ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ. ئەگەر سايلامدىكى ئىللەتتىن خالىي ھالدا، ئۈممەتنىڭ رازىلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان چارە تېپىلسا، ئەلۋەتتە، شۇ چارىنى ئىشلىتىش شەرئى جەھەتتىن ۋاجىبقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بىز ئىمكانقەدەر كۆپ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، زىياندىن ساقلىنىشقا بۇيرۇلغان.

مۇسۇلمان خەلقلەر سايلام مەزگىلىدە بەزى قىيىنچىلىقلارغا

دۇچار بولىۋاتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) **نامراتلىق**: باي نامراتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى كەمبەغەللەرنىڭ سايلام بېلىتىنى سېتىۋالماقتا.

2) **ئاڭسىزلىق**: ئاۋام خەلقنىڭ سايلامنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەسلىكى ۋە توغرا سىياسىي ھاياتنىڭ شەرتلىرىنى ئاڭقىرالماسلىقى.

ھەممىگە ئايانكى، بۈگۈنكى كۈندە مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەركىن ۋە ئادىل سايلام ئۆتكۈزۈش سىياسىي ھاياتنى رەتكە سېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. يەنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات پروگراممىلىرى ئارقىلىق دۆلەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا رىقابەتلىشىدىغان پارتىيەلەرنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا، كىشىلەر ئاقنى قارىغا، ھەقنى ناھەقكە ئايلاندۇرىدىغان كىرالىق ئاخباراتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. بۈگۈن نۇرغۇن دۆلەتلەردە كۆرگىنىمىزدەك، ئاخبارات ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. بەزى كىشىلەر: سايلام خەلقنىڭ رازىلىقىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. چۈنكى، بېلەت تاشلىغانلار بەزىدە بېلەت تاشلاش ھوقۇقىنىڭ % 30 دائىرىسىدە بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ.

مېنىڭچە بۇ گەپ توغرا، لېكىن ئاۋاز بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەم يىگىرمە مىليون دېسەك، ئۇ ھالدا بۇنىڭ 30 پىرسەنتى ئالتە مىليوندىن ئاشىدۇ، دېگەن گەپ. ئالتە مىليون ئىنسانلارنىڭ پىكرى خەلقنىڭ مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە يېتىدۇ. مانا بۇ ھازىر قولايلىق بولغان ئەڭ ياخشى چارە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق بېسىمغا ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىلەت تاشلاش ساندۇقلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بىلەت تاشلىشى ياكى مۇستەقىل ئىرادىسى بىلەن بىلەت تاشلاشتىن ۋاز كېچىشىدۇر.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەھلۇل ھەللىنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىغا قارىساق، بۇ گەپلەر ئىجتىھاد بىلەن دېيىلگەن بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى، تاللاش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ھۆججەت يوق.

شەرئى سىياسەت ئۆلىمالىرىنىڭ گېپىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئەھلۇل ھەللى ھەققىدە تىلغا ئالغان سۈپەتلەرنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ تەسلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىردە زېرەكلىك، ئىشەنچلىك بولۇش، راستچىللىق، ئىجتىھاد قىلىش، كۆڭلى ھەسەت ۋە ئاداۋەتتىن خالىي بولۇش دېگەندەك سۈپەتلەرنى ئۆلچەم قىلىش تەس. چۈنكى، بۇ سۈپەتلەر نىسپىي نەرسە بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى كۆپىنچە كىشىلەردە تېپىلىدۇ. شۇڭا، بۇ سۈپەتلەرنى ئۆلچەم قىلىش ئەھلۇل ھەللىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە توغرا ئەمەس. بەلكى بۇ تۈگىمەس تالاش - تارتىش ۋە پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا ئۇ بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، مەنسەپپەرەس، ھوقۇقپەرەس كىشىلەرنىڭ ئاددىي خەلقنى پايدىلىنىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

شۇرا ياكى پارلامېنتقا ئەزا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ

كونكېرت شەرتلىرى بېكىتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ساھەدىكى ئىشلار ئىنتايىن چەكلىك بولماقتا. مەسىلەن، ياش ۋە ئىلمىي سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دىپلوم ۋە ئۇلارنىڭ ئەدلىيە ئارخىپىدا جىنايەت خاتىرلەنمىگەن بولۇش دېگەندەك...مەزكۇر ئىشلارنى ئىنتىزامغا كىرگۈزگىلى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئەسكەرتىش مۇھىم بولغان ئىش شۇكى، ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقدىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى رولىنى كىچىكلەتمەسلىكى ياكى چەتكە قاقماسلىقى كېرەك. ئۈممەت ئۇلارنى تاللاپ چىققان ئىكەن، تاللانغان بۇ كىشىلەر زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغاندا، ئەلۋەتتە، ئۈممەتنىڭ ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ.

شۇنداقلا ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقدىلىككە تاللانغان كىشىلەر تاللىغۇچىلار بىلەن ياخشى ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى ۋە ئۇلارنى نېمىلەرنى قىلغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىشى كېرەك. مانا بۇ سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ ـ يېتىلگەن ۋە مول شۇرا تەجرىبىسىگە ئىگە بىرقانچىلىغان دۆلەتلەردە داۋام قىلىۋاتقان ئەنئەنىدۇر.

سايلامنىڭ ھۆكۈمدارلارنى تاللاشتا كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ياخشى تەدبىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى سايلام نىزامىغا تولۇق بويسۇنۇش كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە، ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئازايتىش كېرەك. ئالايلۇق، دۆلەتتە شەرئى ۋە ئىلمىي ئورگانلار تەرىپىدىن تاللانغان «دانىشمەنلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

كېڭىشى»گە ئوخشاش ئورگان تەسىس قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سىياسىتىنى يۈزلەندۈرىدىغان، مەدەنىيەت يۆنىلىشىنى ئىدارە قىلىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالسا، شۇنداقلا جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە ياكى قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەندە، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولسا بولىدۇ. شۇنداقلا، سايلامدا ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ ياش چەكلىمىسىنى يىگىرمە ياكى يىگىرمە ئىككى ياشقا كۆتۈرۈپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش مۇمكىن.

يەنە سايلامنى ئىككى تۈرگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ، ئالدى بىلەن دوكتور، ماگىستىر ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن تەركىب تاپقان سايلىغۇچىلار خاس سايلام ئۆتكۈزۈپ، نامزاتلارنى بېكىتكەندىن كېيىن، بۇ نامزاتلاردىن بىرىنى تاللاش ئۈچۈن ئاۋام خەلقنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد مەسىلىسىدىكى ئاخىرقى مۇلاھىزە:

بىز يۇقىردا بەزى ئالىملارنىڭ ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ئەزالىرى قاتارىغا ھەربىي ئەمەلدارلار، قازى، پۈتۈكچى ۋە زاكات يىغقۇچى دېگەنگە ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد دائىرىسىگە كىرگۈزگەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇ ئالىملار بۇ كىشىلەرنى ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقدىگە كىرگۈزۈشتە ئەھلۇل ھىللىنىڭ خەلىپە ياكى رەئىس تاللاش رولىغا ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەھلۇل ھىللى خەلىپە ياكى رەئىسكە ھەمكارلىشىپ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا،

ئىچكى مۇقۇملۇقنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە خەلق تەرىپىدىن ئىتىراپقا ئېرىشكەن خەلىپىدىن ھوقۇقنىڭ تارتىۋېلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئەمما ئەھۋال بۇگۈن تۆپتىن ئۆزگەردى، ئاۋام خەلق ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەربىيلەرنى سىياسىي ساھەدىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادا پارلامېنت، ئەدلىيە ۋە ئىجرائىيە ئورگانلىرىنى بىر - بىردىن ئايرىپ، ھەر بىرىگە مۇستەقىل سالاھىيەت بېرىشنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. ئاخىرىدا شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدىنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ھاكىم تاللاشلا ئەمەس، بەلكى ھاكىمنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش، نازارەت قىلىش ۋە زۆرۈر بولۇپ قالسا، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇرۇنقى ئالىملار ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆپلىگەن قاراشلار بۈگۈنكى كۈندە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كېڭەشمۇ ياكى دېموكراتىيەمۇ؟

بۇ ئىسلام دۇنياسىدا كۆپ سورىلىدىغان سوئاللارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە بەس - مۇنازىرە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بەزى مۇسۇلمان ياشلار بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغۇچە ئۆزگەرمەس ئىسلامىي پرىنسىپلىرى بىلەن دىنسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دېموكراتىيەنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزنى يوقاتماقچى بولغان دۈشمەن تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نەزەرىيە تۇرسا دەپ قارايدۇ.

بىز تۆۋەندە شۇرا (كېڭەش) ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن دېموكراتىيەنىڭ مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقلىق تەرەپلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ چىقىمىز.

### شۇرا (كېڭەش)

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شۇرا مەلۇم مەسىلە ياكى بىر ھادىسە ھەققىدە راي سىناشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىق نىزامىنىڭ تۈۋرۈكلا ئەمەس، بەلكى ئائىلە، مەكتەپ، مەسجىد ۋە شىركەتلەردىمۇ قوللىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ھاياتلىق ئۇسلۇبىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە پەرقلىق

كۆزقاراشلارغا بولغان چۈشەنچىسى ئاشقانسېرى، ئۇلار ئارىسىدا سۆھبەتلىشىش ۋە كېڭىشىش ئاسانلىشىدۇ.

كىتابىمىزدا شۇرانىڭ سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك تەرىپى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار شۇراغا پۈتۈن ئۈممەتكە ياكى ئۈممەت ئىچىدىكى بىر جامائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، شەرئى پىرىنسىپلارغا مۇخالىپ بولماسلىق شەرتى بىلەن ئۈممەتنىڭ ياكى ئۇنى تەمسىل قىلىپ بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىنى بىلىش[37] دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. بۇ ئېنىقلىمىغا ئاساسلانغاندا، ئۈممەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىرقانچىلىغان قاراشتىن بىرىنى تاللاش هوقۇقى بېرىلىدۇ.

ئۈممەت ئاللاھ هالال قىلغان نەرسىنى هارام قىلىش ۋە هارام قىلغان نەرسىنى هالال قىلىش توغرىسىدا مەسلىهەتلىشىش هەققىگە ئىگە بولالمايدۇ. لېكىن، مەلۇم مەسىلىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلاردىن بىرىنى تاللاش، شەرئى هۆكۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ چارە ـ ئۇسۇلى هەققىدە ئىجتىهاد قىلىش هەمدە شەرئەتتە هۆكۈمى تىلغا ئېلىنمىغان يېڭىدىن يۈزبەرگەن جۈزئىي مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى هەققىدە ئىزدىنىش هەققىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، جۈزئىي ۋە تارماق مەسىلىلەر ئىجتىهادنىڭ ئوبيېكتى بولغىنىدەك ئاساسلىق ۋە پىرىنسىپال مەسىلىلەر ئىجما (ئالىملارنىڭ بىر پىكىرگە كېلىش) نىڭ ئوبيېكتىدۇر، فىقھشۇناسلار پىرىنسىپال مەسىلىلەردە ئىجتىهاد قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت تارماق مەسىلىلەردە ئىجتىهاد قىلىدۇ. پىرىنسىپال مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بولماسلىق كائىنات

[37] ئابدۇۋاهاب مىسرى، «شۇرا ۋە دېموكراتىيەنىڭ مۇناسىۋىتى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قانۇنىيىتى بولۇپ، ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىشلار مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە ئومۇمىي ئىشلاردا كەڭ دائىرىدە مەسلىھەت سالاتتى، بەزىدە ساھابىلەرگە خۇسۇسىي ئىشلىرىدىمۇ مەسلىھەت سالغان. پىتنىخورلار ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا بۆھتان چاپلىغاندا، رەسۇلۇللاھ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «ساھابىلىرىگە رەسۇلۇللاھتىنمۇ كۆپرەك مەسلىھەت سالىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم» دېگەن[38]. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر دەۋرىدىن كېيىن، شۇرانىڭ قوللىنىش دائىرىسى ۋە ئۇنۇمى بارغانچە چېكىنىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇممەتكە مەسلىھەت سېلىشتىن قېلىپ، ئەتراپىدىكى بىر قانچە ئادەمگىلا مەسلىھەت سالىدىغان ھالغا بېرىپ قالدى. تارىخچىلار مۇئاۋىيەنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا بىر قانچە كىشىگە مەسلىھەت سالىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلار دەمەشقتە ئىككى ئادەم بولۇپ؛ ئۇلارنىڭ بىرى قۇرەيش قەبىلىسىدىن، يەنە بىرى بەنىي ئۇمەييە جەمەتىدىن ئىدى. بەزى ئەھۋالدا يەمەندىن تۆت، قەيس قەبىلىسىدىن تۆت ئادەمنى كېڭەشكە چاقىراتتى. شۇنىڭدەك ئىراق، خۇراسان، مىسىر ۋە ئەندۇلۇستىكى بەزى ۋالىيلارغىمۇ مەسلىھەت سېلىپ، پىكرىنى ئالىدىغان مەسلىھەتچىلىرى بار ئىدى. ھەتتا زالىملىقتا داڭ چىقارغان ھەججاجنىڭمۇ شۇرا مەجلىسى بارلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئەپسۇسكى، بۇ مۇشاۋۇرلار رىئايە قىلىدىغان مۇئەييەن تۈزۈم ياكى ئېنىق قائىدە ـ پرىنسىپ يوق ئىدى. ئۇلار ھاكىم

[38] تىرمىزى رىۋايىتى.

يولدىن چىققاندا، ئۇنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىنتىلمەسلىكتىن سىرت، ھاكىمنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايتتى.

مۇشۇ سەۋەبلەردىن، شۇرا ئەدلىيە، تەلىم - تەربىيە، ئەمرىمەرۇپ، نەھى مۇنكەر ۋە ۋەخپە قاتارلىق ساھەلەردىكىدەك قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا شۇرا ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدىن ئاستا - ئاستا غايىب بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە پەقەت شۇرانىڭ ئىسمىلا قالغان. رەشىد رىزا: «قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى شۇرا قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئوچۇق بۇيرۇق تۇرسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىن ئۆتمۈشتىكى دەۋرلەردىلا شۇراغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ياۋروپالىقلار بىلەن ئارىلاشقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دېگەن.

سىياسىي ساھەدە ئۇزۇن مەزگىل شۇرانىڭ ئىشلىتىلمەسلىكى ۋە ئۇنى سىياسىي ئورگانغا ئايلاندۇرماسلىق نەتىجىسىدە، شۇرانىڭ ئىسلام سىياسىي تۈزۈمىدىكى ئورنى غۇۋالىشىپ كەتكەن. شۇنداقلا شۇراغا سەل قاراش، شۇرانى كۆزقاراشنى بىلدۈرۈپ قويۇشمۇ ياكى يېڭى دۇنيادىكى پارلامېنت تۈزۈمىگە ئوخشاش قارار چىقىرىشمۇ؟[39] دېگەن ئىختىلاپقا ئېلىپ بارغان.

مەن بۇ يەردە، شۇرادا ئوتتۇرىغا چۈشكەن تەكلىپ قارار بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ ياكى ئۇ مەسلىھەت تەرىقىسىدىكى پىكىر، دېگۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرىنى بايان قىلمايمەن.

[39] شۇرالىشىش پىكىر دېگەندە، ئۇنى ئورۇنداشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئۇ راي سىناشتىن ئىبارەت. شۇرا- قارار دېگەندە، ئۇنى ئىجرا قىلىش كېرەك ۋە شۇرانىڭ قارارىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ (تەرجىماندىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەلكى كۆپ ساندىكى شەرئى سىياسەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدىنى «شۇرا ئەھلى» دەپ ئىزاھلىغىنىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، شۇرادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر قارار بولىدۇ. ئەگەر بۇ تەكلىپ ـ پىكىرلەر قارار بولمىسا، شۇرا ئەزالىرىنىڭ قىلغان ئىشى نېمە بولىدۇ؟ ئۇ بىھۇدە نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟

ھاكىمىيەت ھاكىم بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى ئەھدىنامىدىن شەكىللىنىدۇ، دەپ قارىغىنىمىزدا، شۇرانىڭ قارار ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشقا بولمايدۇ. شۇرا ياكى پارلامېنت ئەزالىرى ئۈممەت تەرىپىدىن تاللانغان بولسا، ئەھدىلەشكەن تەرەپلەرنىڭ ئەھدىدە بەلگىلەنگەن ئىشلارنى قانداق ئورۇندايدىغانلىقىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيتى بولىدۇ. شۇرا ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدە، ھاكىمغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش ھوقۇقى بار. شۇنداقلا شۇرا ئەزالىرى ھاكىم دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا زور خاتالىق ئۆتكۈزسە ياكى ئەخلاقىي ۋە دىنىي تەرەپلەردە چىرىكلىشىپ تاپتىن چىقسا، ھاكىمنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە.

## دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟

ئۇ ھاكىمىيەت شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، لاياقەتلىك بولغان بارلىق پۇقرالار بىۋاستە ياكى ۋەكىللىرى ئارقىلىق باراۋەر ئاساستا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. پۇقرالارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى قانۇن تەكلىپى سۇنۇش، يېڭىلاش، بەزى چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇپ، بەزى چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن

قالـدۇرۇش دىگەنـدەك تەرەپلـەردە ئىپادىلىنىـدۇ.

دېموكراتىيـە كـۆپ سـانلىق كىشـلەرنىڭ ھۆكمـى، دىگـەن مەنـە بىلـەن بىرگـە، ھوقۇقنـى تىنىـچ ھالـدا ئۆتكـۈزۈپ بېرىـش، دىگـەن مەنىگـە ئىگـە. ئـۇ خەلـق، تەشـۋىقات، مەدەنىيـەت ۋە ئىجتىمائىـي ئورگانلارغـا ھۆكۈمـەت خىزمەتچىلىرىنىـڭ ھەرىكىتىنـى نـازارەت قىلىـش ۋە سـوت مەھكىمىسـىگە ئۇلارنىـڭ ئۈسـتىدىن ئـەرز سـۇنۇش ئۈچـۈن كەڭـرى سـاھە يارىتىـپ بېرىـدۇ. بۈگۈنكـى كۈنـدە ئامېرىـكا، ياۋروپـا، ھىندىسـتان ۋە ئۇنىڭـدىن باشـقا دۆلەتلـەردە ئومۇملاشـقىنى لىبېرالىسـتىك دېموكراتىيـە بولـۇپ، ئـۇ كـۆپ سـانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىـن دېـرەك بېرىـدۇ. ئەممـا لىبېرالىزىـم ئازسـانلىقلار ۋە شەخسـلەرنىڭ ھوقـۇق ـ مەنپەئەتىگـە رىئايـە قىلىـش ئارقىلىـق دېموكراتىيەنىـڭ مەنىسـىنى چەكلـەپ تۇرىـدۇ. دېمەككـى، كـۆپ سـانلىقلارنىڭ ھۆكمىنـى چەكلـش قىلغـان دېموكـراتىك لىبېرالىزىـم چۈشەنچىسـى بىلـەن ئازسـانلىقلارنىڭ ھوقۇقىنمۇ قوغدايـدۇ. كـۆپ سـانلىقلارنىڭ قوللىشـى بىلـەن غەلىبـە قىلغـان ھۆكۈمـەت ئـاز سـانلىقلارنىڭ ھوقـۇق ـ مەنپەئەتىنـى دەپسـەندە قىلىدىغـان قانـۇن ـ تۈزۈملەرنـى يولغـا قويـۇش ھوقۇقىغـا ئىگـە بولالمايـدۇ.

دېموكراتىيەنىـڭ ئەلمانىزىـم بىلەن بولغان ئالاقىسـىگە كەلسـەك، ئـۇ ئىبلاسـتىكلىقىقا ئىگـە نىسـپىي ئالاقـە بولـۇپ، كـۆپ سـانلىقلار مۆمىـن بولسـا، ئۇنىڭغـا بېرىلگـەن ھوقـۇق ۋە ئىمتىيازلاردىـن پايدىلىنىـپ، ئاممىۋىـي ھاياتىنـى دىنىـي يولغـا يېتەكلـەش ئىمكانىيىتىگـە ئېرىشـەلەيدۇ . شـۇنىڭ ئۈچـۈن دەيمىزكـى، دۇنيـادا بىرخىـل دېموكراتىيـە يـوق، بەلكـى كـۆپ خىـل دېموكراتىيە بـار[40].

[40] ۋىكىپېدىيەدىكى دېموكراتىيە سۆزىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى

## شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئوخشاش ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى

### ئوخشاش تەرىپى

بىز ئىشارەت قىلماقچى بولغان ئوخشاشلىق «شۇرادا خۇلاسىلەنگەن ئىش قارار كۈچىگە ئىگە» دېگەن قاراشقا مەركەزلىشىدۇ. ناۋادا شۇرادا خۇلاسىلەنگەن ئىش مەسلىھەت خاراكتېرىگە ئىگە بىكىردىن ئىبارەت دەپ قارىغىنىمىزدا، شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق بولغان بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە دېموكراتىيە بىلەن شۇرانىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى ئۇممەتنىڭ ھاكىملار بىلەن بولغان ئالاقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ، دېيەلەيمىز. چۈنكى، ئۇممەت تەرىپىدىن سايلانغان شۇرا ئەزالىرىنىڭ دۆلەت رەئىسىنى تاللاش ھوقۇقى ھەمدە دۆلەت رەئىسى تاللىغان مىنىستىرلارغا قاراپ چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇنىڭدەك شۇرا ئەزالىرىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا، دۆلەت مەمۇرلىرىنى نازارەت قىلىش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئۇممەت ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش، باھالاش ۋە دۆلەت رەئىسىنى بىۋاسىتە سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنىدەك، دۆلەت رەئىسىنى سايلاپ چىقىدىغان ۋەكىللەرنى تاللاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە. شەكسىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىدا ھوقۇقنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىش چەكلىنىدۇ. ھوقۇقنى تىنىچ، بىخەتەر شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەكىتلىنىدۇ، مانا بۇ شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

## پەرقلىق نۇقتىلار

دېموكراتىيەدە خەلق ۋەكىللىرى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، خالىغان نەرسىنى ھالال، خالىغان نەرسىنى ھارام قىلالايدۇ.

ئىسلامدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئاللاھقا خاس ھوقۇق بولۇپ، ئۇممەت ئاللاھ يولغا قويغان نەرسىدىن باشقا نەرسىنىڭ يولغا قويۇلمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «**أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ**»، «ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن شېرىكلىرى بارمۇ؟»[41].

«**إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ**» «ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ»[42].

شۇرا ئەزالىرى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلار رامكىسى ئىچىدە بەزى ئىشلارنى يولغا قويسا ۋە قانۇنىي بوشلۇق رايونىدا[43] بەزى قانۇنلارنى يولغا قويسا بولىدۇ. شۇنداقلا مەلۇم بىر مەسىلىدىكى ئىختىلاپىنى مەشھۇر فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ

[41] شۇرا سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.

[42] يۇسۇف سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.

[43] شەرىئەتتىكى قانۇنىي بوشلۇق رايونى قۇرئان ـ سۈننەتتە ئېنىق ھۆكمى بەلگىلەنمىگەن، بەلكى مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇجتەھىدلەر شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى رامكىسى ئىچىدە، ئۇممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا زامان، ماكانىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، بەزى ئىشلارنى يولغا قويىدۇ ياكى چەكلەيدۇ. قانۇنىي بوشلۇق رايونى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە ئاساسلىنىدۇ: «ئاللاھ قۇرئانىدا ھالال قىلغان نەرسە ھالال، ھارام قىلغان نەرسە ھارام. سۈكۈت قىلغان ئىشلار ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە قالدۇرۇپ قويغان رايوندۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ ئىنسان ئەقلىگە قالدۇرۇپ قويغان قانۇنى بوشلۇق دائىرىسىنى قوبۇل قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ» (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، 3802 ـ ھەدىس؛ تىرمىزى رىۋايىتى، 1830 ـ ھەدىس)، (تەرجىماندىن).

بىرىگە تايىنىپ، ئۇممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، ئىلمىي سەۋىيەدە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

فىقھشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە شۇرا ئەزالىرىنىڭ ئىجتىھادى چەكلىمىسىز ئىجتىھاد بولماستىن، بەلكى شەرىئەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ئىجتىھادتۇر. شۇرا ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مەمۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن ئەقىدە ۋە ئىدىيە ساھەسىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

ئەلۋەتتە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلار ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات پروگراممىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ رىقابەتلىشىدىغان سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭدىكى بەزى سەلبىي تەرەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما كىشىنىڭ دىنسىزلىق ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكىگە تەشۋىق قىلىدىغان ياكى ئاۋام خەلق ئارىسىغا مۇتەئەسسىپ مەزھەپچىلىك ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان پارتىيە - گۇرۇھلارنى تەشكىللەش ھوقۇقى بولمايدۇ.

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. دېموكراتىيە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا ھېچقانداق ئالاقە يوق، دېگەن پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇرا بولسا مۇسۇلمان ھاكىم ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى ۋە خاس دۇنيا قارىشى بولغان خەلققە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ھاكىم خەلقنىڭ ئەقىدە ۋە قىممەت قارىشىغا رىئايە قىلىپلا قالماستىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەلكى مۇسۇلمان جەمئىيەت ئىشەنگەن پەزىلەت ۋە پرىنسىپلارنى قوللىشى كېرەك، دېگەن نەزەرىيە ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

## سىپلىشتۇرۇش

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىز ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ دەل ئۆزى دېيەلمەيمىز. چۈنكى، بۇ ئىككى تۈزۈلمە ئارىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك زور پەرقلەر بار. بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

زېمىندىكى پۈتۈن بۇزۇقچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ، چەتكە قېقىش ۋە مۇستەبىتلىك بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشاۋاتقان، شۇنىڭدەك ئىسلامنى بىلمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل يىراقلىشىپ كەتكەن بىر مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ياشلارغا نېمە دەيمىز؟

بىز ئۇلارغا مۇستەبىت، زالىم ھاكىمىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە قارشى قورallىق ئىنقىلاپ قوزغاش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام تەلىماتلىرىغا رىئايە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى مەجبۇرلاش كېرەك دەيمىزمۇ؟ ياكى سىياسىي ساھەدىن يىراقلىشىپ، دەۋەت ۋە تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك، دەيمىزمۇ؟

بىز ھۆكۈمەتكە بەيئەت ياكى سايلام ياكى ئۇيغۇن كۆرۈش ئارقىلىق قانۇنىي سالاھىيەت بەرگۈچىلەرنىڭ ئۈممەت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمىز. لېكىن ئۈممەت تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك يىغىلىش ئورنى

ياكى شۇرا ئەزالىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئېتىبار بەرمىگەندە، بۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ياشلارغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلىمىز؟

بەزىلەر بۇ سوئاللارغا: شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ تۇرۇپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىش، شۇرا مەجلىسى ياكى پارلامېنتقا ئەزا بولىدىغان نامزاتلارنىڭ شەرت ۋە سۈپەتلىرىنى ئېنىق بېكىتىش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. خوش، ئۇنداقتا خەلق ئىمپورت قىلىنغان قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان ۋە ئىسلام ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلمايدىغان ھاكىملار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىر جەمئىيەتتە بۇ ئىشلار قانداق ئىجرا قىلىنىدۇ؟

سىياسىي تەبىقىنى زورلۇق كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈممەت نەچچە قېتىملىق ھەربىي ئۆزگىرىشتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە بولۇپ، مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، شۇڭا بۇ دەلىلگە موھتاج ئەمەس. دېمەككى، ئالدىمىزدا تىنچ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار. خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىراق ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتقا موھتاج بولىدۇ. مەن ئىلگىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ 90% تىنى مۇسۇلمانلار كۈندىلىك پائالىيىتى ۋە تۇرلۇك ئالاقىلىرىدە ئۆزى تەتبىقلايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان ئىدىم. جەمئىيەت ئۆزگەرگىنىدە، ئۇ ھاكىم ۋە شۇرا ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىشقا قادىر بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاڭ سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ساپالىق كىشىلەر تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان

ياراملىق كىشىنى ۋەكىل قىلىپ تاللايدۇ، خەلق تەرىپىدىن سايلانغان قابىل ۋەكىللەر سايلىغۇچىلارنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئۇلارغا سايلامدا بەرگەن ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە جەمئىيەتكە ئىسلامىي تۈس بېرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا پايدا - زىياننى دەڭسەش ۋە ئىشلارنى تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىش لازىم. بۇ پرىنسىپ سىياسىي ساھەدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان سىياسەت دۇنياسىدا بەزى ۋاقىتلاردا يامان بىلەن ئەڭ ياماندىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا دەيمەنكى، ئەگەر بىرەر چارە ياكى ھەل قىلىش ئۇسۇلى سىزگە ياقمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا نېمىنىڭ دەسسەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان چارە تېخىمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كۆچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش

پۈتۈن شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان ھاكىم ھوقۇقنى ئۈممەت ياكى رەھبەرلىك قىلماقچى بولغان ئاۋام خەلقتىن ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق دىندار ۋە قابىل كىشىنى يېتەكچى قىلىپ تاللىشى كېرەك. شۇنداقلا ھاكىملارمۇ ئۆزلىرىنى ھاكىملىققا تاللىغان خەلقنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى قوغداش بىلەن بىرگە، خەلققە خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى ۋە ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنىڭ شان - شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. مانا بۇلار ئۈممەت تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن، ھېچ كىشى ئىختىلاپ قىلمايدىغان مەسىلە.

خوش، ئۇنداقتا، قانداقسىگە ئالىملار زورلۇق كۈچى بىلەن ھوقۇقنى تارتىۋالغان كىشىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانۇنلۇق دەيدۇ ۋە ئۇنى كۆپىنچە كىشىلەر ئويلىغىنىدەك، ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ شەرئى يوللىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك:

1. ئالىملار ھاكىم تاللاش مەسىلىسىدە شۇرا ۋە بەيئەتنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىمىغان. ھەتتا خەلىپە ئىزباسارلىققا نامزات كۆرسەتكەندىمۇ (ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنى نامزاتلىققا كۆرسەتكىنىدە قائىدە - پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش كېرەك، دەپ قارىغان.

92

مىنىڭچە، مۇشۇنداق ھالەتتە ئۈممەت نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن كىشىگە قارىتا پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ھالدا بەيئەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ھاكىمىيەتنى بۇلاپ ئېلىش ۋە ئۈممەتكە مۇستەبىتلىك قىلىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالىدۇ.

2. ئالىملار كۈچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتا «چوڭ زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىچىك زىياننى قوبۇل قىلىش» ۋە «زىيىنى ئاز بولغان يامانلىقنى تاللاش»تىن ئىبارەت ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يېتەكچى رولغا ئىگە فىقھىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغان. چۈنكى، ئىككى زىياننىڭ ئارىسىدىكى خەترى ئاز بولغىنى خەترى كۆپ بولغىنىدىن ياخشى. بۇ قائىدىگە ئاساسلانغاندا، كۈچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغان ھاكىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ زىيىنى قان تۆكۈلۈش ۋە ئۈممەت مەنپەئەتىنىڭ زايا بولۇپ كېتىش جەھەتتىن ئۇنىڭ ھوقۇق ئۈستىدە قېلىشىدىن ئېغىر بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر مەزگىل سەۋر قىلىش ۋە قانۇنىي ھاكىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش شەرئى جەھەتتىن توغرا پوزىتسىيەدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ھوقۇق ئۈستىدە قېلىشى زۇلۇم - زومىگەرلىكى، ئادالەتسىزلىكى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئېلىپ بارسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قارشى چىقىش، ھەتتا قوراللىق ئۇرۇشقىمۇ تەييار تۇرۇش كېرەك.

3. ئالىملار زورلۇق كۈچى بىلەن تەختكە چىققۇچىغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تۇرۇشنى توپلاڭ قىلغانلىق دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنى قارشى چىققۇچىنىڭ ئىجتىهادىغا تاپشۇرىدۇ. چۈنكى، ئالىملارنىڭ نەزىرىدە توپلاڭچى دېگەن «ئۈممەت تەرىپىدىن سايلانغان قانۇنلۇق ھاكىمغا ناھەق قارشى چىققۇچىنى كۆرسىتىدۇ». ئالىملار بۇ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھەزرىتى ھۆسەيىننىڭ مۇئاۋىيەگە قارشى چىققانلىقى بىلەن دەلىللىگەن. ھېچكىم ھەزرىتى ھۆسەيىننى توپلاڭچى دەپ قارىمىغان. چۈنكى، مۇئاۋىيە ھوقۇقنى سايلام بىلەن ئالمىغان، بەلكى قورال كۈچى بىلەن ئالغان. ئالىملارنىڭ نەزىرىدە، ئەگەر كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغان ھاكىمغا قارشى چىقىش ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن كىشىدە ھاكىملىق سالاھىيىتى تولۇق تېپىلسا، ئۇنىڭ ھاكىملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ ھاكىملىقنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان بولسا، ئۇنى ئېلىگىرىكىسىگە ئوخشاش زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ.

4. ئۈممەت ھەر ۋاقىت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، كۈچ ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان كىشىگە نەسىھەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۈچ ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان كىشىگە قارشى تۇرۇشنى تەرك ئەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەسىھەتنى تەرك ئەتمەسلىك كېرەك. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىدا ھەقنى سۆزلەشتۇر» دېگەن[44]. شۇڭا، كۈچ ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان ھاكىمغا مەنىۋى جەھەتتىن بېسىم قىلىش داۋاملىششى كېرەك.

[44] تىرمىزى رىۋايىتى.

5. مەيلى كىچىك ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان كىشى بولسۇن ياكى ئۇممەت تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىم بولسۇن، ئۇنىڭغا پەقەت شەرىئەت يولغا قويغان دائىرىدە ئىتائەت قىلىنىدۇ. ئالىملاردىن بىرەرسىمۇ ھاكىم ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولىدۇ، دەپ باقمىغان. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا: «مۇسۇلمان ھاكىم گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇمىسىلا، خالىغان ياكى خالىمىغان ئىشلاردا ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش كېرەك. ناۋادا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن[45].

يەنە: «ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشلاردىلا بولىدۇ» دېگەن[46].

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئالىملارنىڭ «كۈچ ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان كىشىنىڭ ھوكۇمرانلىقى جائىز» دېگەن سۆزى زۆرۈرىيەت يۈز بەرگەندە، ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى ئېھتىياج مىقدارى يېسە بولىدۇ، دېگەن گەپكە ئوخشايدۇ. زۆرۈرىيەت يۈز بەرگەندە، ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى تويغۇچە يېيىشكە بولمايدۇ، بەلكى ھاجەت چۈشكەن مىقداردا يېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشتىكى قابىلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۈچ ئارقىلىق ھاكىم بولۇۋالغان كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئەينى دەۋرنىڭ ۋاقىتلىق تەقەززاسى ئىدى. خاۋارىجلارنىڭ خەلىپىلىككە ۋە ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرى فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ قاراشقا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. خاۋارىجلارنىڭ دۆلەتكە قارشى توختىماي ئىسيان

[45] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[46] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈشى سەۋەبلىك جەمئىيەت مۇقىمسىزلىشىپ، خاتىرجەم ياشاش تەس بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، فىقھشۇناسلار بۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە يۇقىرىقىدەك پەتىۋانى بەرگەن. جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئۇممەتنى خەتەرگە دۇچار قىلىش ھەر ۋاقىت خاۋارىجلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. شۇڭا، ئۇلار «دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىتلىرى» دېگەن سۈپەتكە لايىق بولغان.

***ئىلاۋە***

ئەلۋەتتە، خاتا ھۆكۈم قىلىش بىلەن مالامەت قىلىشنىڭ پەرقى بار. ئىلگىرىكى بۈيۈك ئالىملىرىمىز بۇ مەسىلىدە توغرا يەكۈن چىقىرالمىغان دېگەن بولسام، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مالامەت قىلغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ساۋاق ۋە بىلىم ـ مەرىپەتلەر تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەتكىدەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. بەلكىم بىز ئۇلار ياشىغان دەۋردە ياشىغان بولساق، ئۇلاردىن ياخشىراق گەپلەرنى دېيەلمەسلىكىمىز ۋە بۇ مەسىلىگە ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق مۇئامىلە قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى.

تەنقىدلەش توغرا كەلسە، دەۋرىمىزدىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشتا دۇنياۋى پىشىپ يېتىلگەن سىياسىي تەجرىبىلەردىن پايدىلانمىغان، ئىبرەت ئالمىغان فىقھشۇناسلارنى تەنقىدلەشكە توغرا كېلىدۇ.

***بىرقانچە ئىخچام مۇلاھىزىلەر***

1. مېنىڭچە، قورال كۈچى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن

كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە ئۇنى ھوقۇق ئالماشتۇرۇشنىڭ شەرئى (قانۇنىي) يولى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن بىزگە قورال ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. توغرىسى، سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق تەرىپىدىن سايلانمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە سايلامغا ساختىلىق قىلغۇچىلارغىمۇ ھوقۇقنى قانۇنسىز تارتىۋالغان بولاڭچى دېگەن نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق شەكىلدە مۇئامىلە قىلماسلىق ھەمدە بۇيرۇقىنىمۇ ئىجرا قىلماسلىق كېرەك. تېخىمۇ توغرىسى، بۇلارغا تىنىچ شەكىلدە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەت ئۇغرىسى دېگەن نۇقتىدىن قاراپ، ئېتىراز بىلدۈرۈش، نامايىش قىلىش ۋە ئىجتىمائىي بېسىم قىلىش ئارقىلىق ھوقۇقىدىن چۈشۈرۈش لازىم. چۈنكى، كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغانلار ئۆي ـ زېمىن ياكى مال ـ دۇنيا ئوغرىسى ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىڭ ئىرادىسىنى بۇلاپ، ۋەتەننىڭ كېلەچىكى بىلەن ئوينىشىدىغان ئوغرىلاردۇر.

2. ئالىملار ھوقۇقنى زورلۇق كۈچى بىلەن ئىگىلىگۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تەختتىن چۈشۈرۈش يولىدا كېلىپ چىقىدىغان قۇربانلىق ۋە زىيانلار ئۇنىڭ تەختتە قالغىنىدىن كۆپ بولغاندا، ئۇنى تەختتە ۋاقىتلىق قالسا بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ زىياننى كىم ئۆلچەيدۇ؟ قانداق ئۆلچەيدۇ؟

زورلۇق بىلەن ھوقۇق ئىگىلىگۈچىنىڭ ئۈممەتكە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەلگەن زىيانلىرىنى ھەرقانداق تەرەپ توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆممەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى بىر خىل بولمايدۇ، بەلكى كۆپ خىل زىيان ئېلىپ كېلىدۇ؛ ماددىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك، تېز ياكى ئاستا خاراكتېرلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۈگۈنكىچە تېخى ئىنسانلارنىڭ قولىدا ئۇنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان بىر ئۆلچەم تېپىلغىنى يوق.

زىياننى مۆلچەرلەيدىغان تەرەپكە كەلسەك، ئۇ بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە تەرەپتىن تەشكىللىنىدۇ. زىيان ئالىم، سىياسىي، ئەسكىرىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىلەردىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت تەرىپىدىن مۆلچەرلىنىشى كېرەك. كۆچكە تايىنىپ ھوقۇق بېشىغا چىقىۋالغان ھاكىمنىڭ بۇنداق بىر ھەيئەتنىڭ تەشكىللىنىشىگە، بۇ توغرىدا خىزمەت ئىشلىشىگە يول قويمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. چۈنكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ چىرىكلىكىنى ھەققانىي كۆرسىتىدىغان، مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرىغان مەنپەئەتپەرەسلەردىن تەشكىللەنگەن چوڭ بىر تەشكىلىي ئاپپارات بار. ئۇلار ھەر ۋاقىت مۇستەبىتلەر ئاڭلاشنى خالىمايدىغان گەپلەرنى قىلغان كىشىلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

3. ئالىملار زورلۇق كۈچى بىلەن تەختكە چىققۇچىنىڭ ئۆممەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى توغرىسىدا ۋە ئۇلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە توختالغاندا، ئاساسەن زورلۇق كۈچى بىلەن تەختكە چىققۇچىنىڭ شەخسىي ئىستىلى ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەدبىقلىشى ۋە شەرىئەتتە

بەلگىلەنگەن جازالارنى ئىجرا قىلىشى توغرىسىدا گەپ قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلىدىغان ئەخلاقى بۇزۇلۇش، ئىقتىسادنىڭ كاساتلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىشىشى قاتارلىقلار توغرىسىدا گەپ قىلمىغان. ئۆتمۈشتە بۇ ئىشلارنى مۆلچەرلەش قىيىن ۋە ئۇ دەۋردە ئىشلارغا بۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان سىياسىي ئاڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدە توختالمىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ھاياتلىقنىڭ بېسىمى زورىيىپ، خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ تەلەپلىرى كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا، ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، ئىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ۋە دۆلەتنىڭ بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش دېگەندەك نۇقتىلاردىكى تەسىرى ئاشتى. بۇ سەۋەبتىن، كۈچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغۇچى ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلىدىغان مەدەنىيەت چۈشكۈنلۈكىگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

4. ئالىملار كۈچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەك ياكى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ كېرەك دېگەندە، بۇ خىتابنى كىمگە قاراتقان؟ بۇ ئىشلارنى قايسى ئورگان ئورۇندايدۇ؟

ئىجرا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولمىغان ئەدلىيە ئورگانلىرىمۇ؟ ياكى ھېچقانداق ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارمۇ؟ ياكى كۆپىنچە ۋاقىتتا كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان ھاكىمغا يانتاياق بولىدىغان ئارمىيەمۇ؟ ياكى ئارمىيە بىلەن ئېلىشىشقا كۈچى يەتمەيدىغان ساقچىلارمۇ؟ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەزىپىنى كەم ئورۇندايدۇ؟

زورلۇق ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنى چەكلەشكە كۈچى يېتىدىغان شەخس ياكى ئورگاننىڭ بولماسلىقى ھاكىمىيەتكە ئىنتىلگۈچىلەرنى تەۋەككۈلچىلىككە ئۈندەپ قويىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قاتمۇ قات ئىجرائاتلار ئارقىلىق ھوقۇقنى زورلۇق كۈچى ئارقىلىق تارتىۋېلىشنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىسلام دۇنياسىدا، بۇرۇن يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر ھېلىھەممۇ يۈز بەرمەكتە.

5. بىر كۆپىنچە ئالىملارنىڭ: «زورلۇق كۈچى بىلەن ھوقۇق تارتىۋالغۇچى ھاكىمغا قارشى تۇرۇش توپىلاڭ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي ھاكىم ئەمەس. ئۇنىڭ ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىش پەقەت زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بولغان. شۇڭا، قانداق تەرەپ كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان ھاكىمنى قان تۆكمەستىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كۈچى يېتىدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلسا، توپىلاڭچى بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئىجتىھاد قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى زىكىر قىلغان ئىدۇق. بۇ پىكىر مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ھوقۇق تەمەسىدە يۈرگەنلەر ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ- دە، ھەر كىشى تەبىئىيلا ئۆزىنى ھاكىملىققا ئەڭ لايىق، ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلماقچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۈممەتنى قوغدىماقچى دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئۇزۇن تارىخىدا ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ھەربىي ئۆزگىرىشلەر ۋە قوزغىلاڭ ئاپەتلىرىگە دۇچار بولۇپ كەلدى. مەن بۇنداق دەپ ئالىملىرىمىزغا مالامەت قىلماقچى ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ

ئالدىدا باشقا تاللاش يوق ئىدى، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي ئۇيۇقى بۇگۈنكىدەك كەڭرى ئەمەس ئىدى. ئۇممەت تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر بىزنى ھوقۇق ئاشىقلىرىنىڭ تەمەخورلۇقىنى ئۈزۈش يولىدا ئىغىر ـ بىسىقلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

6. بىز دەيمىزكى، قابىل ۋە سۈزۈك بولغان ھەم ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ تۇرغان سىياسىي تۈزۈم زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھىچقانداق سىياسىي تۈزۈم چىرىكلىك ياكى ئىغىشتىن ساقلىنالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەرۋاقىت چىرىكلىكتىن قوغدىنىشقا ۋە توغرا يوليورۇققا موھتاج بولىدۇ.

ئىنىقكى، دۆلەت قانچە ئاددىي بولسا ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىر ياكى بىرقانچە شەخسنىڭ قولغا مەركەزلەشسە، ھەربىيلەر تەرىپىدىن ياكى ئاۋام خەلق تەرىپىدىن ھاكىملارغا قارشى ئىسيان قىلىش ئاسانلىشىدۇ. بۇ تارىختىكى ۋە كۈنىمىزدىكى كۆپلىگەن سىياسىي تەجرىبىلەردىن خۇلاسىلەنگەن ئىش. مەن بۇ يەردە ھوقۇقنى تارتىۋىلىپ، ئۇممەتنى بوزەك قىلماقچى بولغانلارنىڭ تەمەسىنى چەكلەيدىغان بەزىبىر تەدبىرلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن.

***ھاكىمىيەت ئوغرىلىرىنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:***

1. شەخسنى ئۇلۇغلىماسلىق ۋە ئۇممەتنى دۇچ كىلىۋاتقان خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان غايىۋى پالۋانلارنى كۈتمەسلىك. تەشۋىقاتنىڭ بىر شەخسكە مەركەزلىشىپ، ئۇنى تەڭداشسىز پالۋان سۈپىتىدە كۆككە كۆتۈرۈشى، ئۇ شەخسنىڭ مۇستەبىتلىك يولغا مىڭىشىنى ۋە ھوقۇقا چىڭ يىپىشىۋىلىشىنى كەلتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ كىشىلەرنى ھەددىدىن زىيادە ماختاشتىن توسقانلىقى ھەممىزگە مەلۇم. رەسۇلۇللاھ: «ماختىغۇچى خۇشامەتچىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار» دېگەن[47].

ئەپسۇسلىنارلىقى، مەدھىيە شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرنى شەكىللەندۈردى، كۆپىنچە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى بۇ تۈرنى بىلمەيدۇ، لېكىن بۇ ھادىسە ئەرەبلەردە گۈللەنگەن ۋە شېئىرىيەت بىلەن تويۇنۇپ كەتكەن بىر ئىشقا ئايلانغان!

بىز دۆلەت ۋە ئاۋام خەلقنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ يېتەكلەپ ماڭىدىغان تەڭداشسىز پالۋانلار دەۋرىنىڭ كەتكەنلىكىنى ۋە كىچىك پالۋانلار دەۋرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، بىز ئۈممەتنىڭ بەزى شەخسلەرنىڭ يامان غەرەزلىرىگە قۇربان بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جامائەتچىلىك، تەشكىلاتچىلىق ۋە ئاممىۋي ئورگانلارنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشقا موھتاج.

2. ئىجتىمائىي ھاياتنى خەيرى ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدىغان ئورگانلار، ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن بېيىتىش كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق كوللېكتىپ پائالىيەت ۋە خەلق ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس سالىدۇ. دۆلەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلارنى جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىتىشىدىن توسۇپ قالىدۇ ۋە ئۈممەتنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى

[47] مۇسلىم رىۋايىتى.

بولغـان ھەرىكەتلەرنـىڭ ئالدىـدا نۇرغۇنلىغـان توسـاق پەيـدا قىلىـدۇ. تەرەققىـي تاپقـان دۆلەتلەرنـىڭ ھەربىـي ئىنقىلابتىـن خېلـى بۇرۇنـلا قۇتۇلـۇپ بولغانلىقىنـى كـۆردۇق. بۇنىـڭ ئـەڭ مۇھىـم سـەۋەپلىرىدىن بىـرى، بـەزى شەخسـلەر زورلـۇق كۈچـى ئىشلىتىش ۋە ھوقـۇق تارتىۋېلـش ئارقىلىـق تولدۇرۇشقا ئۇرۇنـۇپ كېلىۋاتقـان ئىجتىمائىـي بوشـلۇقنىڭ بولماسـلىقىدۇر.

3. ئاساسـىي قانۇننـى خەلقنىـڭ ئارزۇسـىغا ۋەكىللىـك قىلىـدۇ دېگـەن نۇقتىدىـن ئۇنـى ھۆرمەتلەيدىغـان جامائـەت پىكـرى شەكىللەندۈرۈشـكە جىددىـي ئېھتىياج بار. بۇ ھەرگىزمۇ ئاساسـىي قانۇندىكـى بارلىـق ئىشلارغا قايىـل بولـۇش دېگەنلىـك ئەمـەس. چۈنكـى، ئاساسـىي قانۇنـدا شـەرىئەتكە زىـت كېلىدىغـان بـەزى يامـان ئىشـلار بولۇشـى مۇمكىـن. دېمەكچـى بولغىنىمىـز، خەلقنىڭ تالاش - تارتىشلارنى بەزى شەخسـلەرنىڭ شەخسـىي مەنپەئەتىگە ئۇيغـۇن بولمىغـان تەقدىردىمۇ، سـوت ئارقىلىـق ھـەل قىلىشـى ۋە قانـۇن دائىرىسـى ئىچىـدە ھەرىكـەت قىلىشـى مەقسـەتتۇر.

كـۈچ ئارقىلىـق ھوقـۇق تارتىۋالغۇچىلارنىـڭ ئاساسـىي قانۇننـى ۋە ئـۆرپ - ئادەتلەرنـى ئېتىبارسىزلاشـتۇرىدىغانلىقى، خەلقنـى مەنىستىمەسـتىن ئۇلارنىـڭ تاللىشـىغا ھۆرمـەت قىلمىغانلىقـى كوللېكتىپنىـڭ ئېڭىـدا ئېنىـق بولۇشـى كېـرەك.

4. كۆپىنچـە ھالـلاردا خەلقنىـڭ ھـال - ئەھۋالىنىـڭ، شـارائىتىنىڭ ناچارلىقـى قانۇنسـىز يـول بىلـەن مەنسـەپكە چىققۇچىغـا رازى بولۇشـنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدۇ. بىـز بۇنـداق ھادىسـىلەرنى سـاناپ بولالماسـلىقىمىز مۇمكىـن. شـۇڭا، بىخەتـەر مۇھىتنىڭ يارىتىلىشى، ئىقتىسادىي شارائىتنى ياخشىلىنىشى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشى قانۇنسىز ھوقۇققا چېقىلىشنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. بۇ ئىشلار رېئاللىققا ئايلانغاندا، قانۇنسىز ھوقۇق تارتىۋېلىش ئىشلىرى يوقىلىدۇ ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.

5. ھەرقايسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بارلىق ھەرىكەتلىرىدە سۈزۈك ياكى ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. چۈنكى، مەمۇرىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىقتىن قۇتۇلۇش باھانىسى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقماقچى بولغانلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

6. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش بېجىرىدىغان ۋە شەخسلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنتايىن زۆرۈر. ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىجرائىيە ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردىن تولۇق مۇستەقىل بولمىسا، سوت مەھكىملىرىنىڭ روشەن قىممىتى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەدلىيە ۋە سوتنىڭ مۇستەقىللىقى قانۇنلۇق ھۆكۈمەتنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىز ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئاساسىي قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، رەقىبلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا سوت ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملەش كۈچكە تايىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغۇچىلارغا قارشى تۇرىدىغان ۋاپادار ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## ۋەسىيلىك ۋە ۋاكالەت ئارىسىدىكى ھۆكۈمدارلىق

سىياسىي ساھە ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ كېيىن پىشىپ يېتىلگەن ۋە كۆپ جېدەل قوزغايدىغان ساھە. دۇنيا خەلق ھوقۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش ۋە مۇستەبىتلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا كېيىنكى ئىككى ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن خۇشال. ئۇلار ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ۋە قانۇنشۇناس توماس ھوببىس (Hobbes Thomas)نى[48] «ئىجتىمائىي كېلىشىم» نەزەرىيەسى ئارقىلىق خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى يېڭى ئالاقىگە ئاساس سالغان كىشى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت تارىخى ئىنساننىڭ ئىنسانغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھەممەيلەننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر- بىرىگە ئۆز ھوقۇقىدىن ئازراق ۋاز كېچىدىغان كېلىشىمگە موھتاج . ئىنسان تەبىئىيتى يامان بولغاچقا، كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن چوڭ بىر كۈچنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ كۈچ دەل ھۆكۈمەتتۇر.

ھوببىسدىن كېيىن جون لوك (John Locke)[49] مەيدانغا كېلىپ، ھوببىسنىڭ كېلىشىم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۇ: «توختام ياكى كېلىشىمنى كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىش دېگەن سەۋەب بىلەن زومىگەرلىكنى ئاقلىغىلى

[48] 1679 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

[49] 1709 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

بولمايدۇ. شۇڭا، ھاكىمىيەت شەخسلەرنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىغا باغلىق. ھۆكۈمەتتىن ئىشەنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھۆرمەت كۆرپىسىنى تارتىۋېتىش كېرەك» دەپ قارىغان. ئاخىرىدا بۇ پىكىرلەر جان جاك روسسۇ (Jean-Jacques Rousseau) نىڭ[50] كىتابلىرىدا پىشىپ چىققان.

دۇنيا بۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەيدۇ. ھالبۇكى، دۇنيا ھوببىس ۋە جان لوكتىن مىڭ يىللار ئىلگىرى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئاساس سالغان تىرىشچانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ سىياسىيونلىرى كىتابلىرىدا: «ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىق ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى يەنى ئۈممەت ۋە ئۈممەت تاللاپ چىققان ھاكىم ئارىسىدىكى كېلىشىم ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختىكى خەلق بىلەن ھاكىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن تۇنجى توختامنامە ياكى كېلىشىمنامە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ توختامنامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز ۋاقتىدا بۇ توختامنامىنى «بەيئەت» دەپ ئاتىغان. توختامنامىنى ئىجرا قىلىشتا ئۈممەتنى تەمسىل قىلغان تەرەپنى «ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد» دەپ ئاتىغان. كۆپلىگەن ئالىملار كىتابلىرىدا: «ئىماملىق (ھاكىملىق) توختامنامىدىن ئىبارەتتۇر» دەپ يازغان. توختامنامىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى «ئەمەلدىن قالدۇرۇش» ۋە «ئىستىپا بېرىش» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

سوئال: بۇ پىكىرلەر تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان ئالىملار

[50] 1778 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن دۇنيا غەرب ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى يازمىلىرىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن؟

بۇنىڭ جاۋابى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخىغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى بۇنىڭ كىچىك بىر مىسالى، خالاس. بۇنىڭغا ئىككى مەسىلىنى قوشىسىڭىز بولىدۇ:

1. سىياسەت ئىلمىدە كىتاب يازغان شەرئى سىياسەت ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرى دۇنياغا كۈچلۈك ۋە جانلىق شەكىلدە سۇنۇلغىدەك دەرىجىدە روشەن بولمىغان. ئۇلار ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ كېلىشىم ئاساسىدا شەكىللىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېلىشىمنىڭ تىپى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان. يەنى كېلىشىم ۋاكالەتچىلىككە ئوخشايدىغان كېلىشىممۇ؟ ياكى ۋەسىيلىك (ھامىيلىك) كە ئوخشايدىغان كېلىشىممۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئىختىلاپ ئۈممەتنىڭ ھاكىمنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى بىلەن ھاكىمغا بېرىلگەن ھوقۇقلارنىڭ دائىرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ سۆزىگە بىنائەن، ئۈممەت بىلەن ھاكىم ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم ۋاكالەتنامىگە تەۋە دېگىنىمىزدە، خەلقنىڭ ھاكىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇلارنى نازارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىش ھوقۇقى بولغان بولىدۇ. ناۋادا خەلق بىلەن ھاكىم ئارىسىدىكى كېلىشىمنامىنى ۋەسىيلىك كېلىشىمنامىسىگە ئوخشايدۇ دېگىنىمىزدە، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان ۋەسىيلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولمىغىنىدەك، ئۇممەتنىڭمۇ ھاكىملارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىكىگە رازى بولىدۇ.

دېمەككى، بۇ ئىختىلاپ ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسىگە ئىشىنىدىغان ئالەمگە سەلبىي ئۇچۇر تارقىتىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى ئىككى قاراشنىڭ بىرىگە ئاساسلانغاندا، ھاكىم سايلام ئارقىلىق تاللانمايدۇ ياكى بىر قېتىم بەيئەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نوپۇزى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان، ھېچكىم جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلالمايدىغان دەرىجىدە ھاكىممۇتلەققە ئايلىنىپ قالىدۇ.

2. ئالىملارنىڭ شارائىت تەقەززا قىلغاندا كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى توغرا. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان. لېكىن ئىنسانلار ئالىملار بىلگەن بۇ تەپسىلاتلارنى بىلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى كۈچكە بويسۇندى ۋە ھەربىي ئۆزگىرىشلەرگە ئىلھام بەردى، دەپ قارايدۇ.

ئىسلامدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ ھاكىم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسلىنىدىغانلىقى ھەرقانداق ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلۇغ ئىش. ئەمما ئۇممەت ئۆز تارىخىدا، بۇ بۈيۈك ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تەرتىپ، قېلىپ ۋە قائىدە -

تۈزۈملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن، بۇ مۈشكۈلات ھاكىمىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كېلىشىمدىكى بىر تەرەپ ئۈممەت بولغان ئىكەن، كېلىشىم ئىجرا قىلىدىغاندا كىم ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ دەپ سوئال سورىغىنىمىزدا، دەرھال ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن.

بۇ جاۋاب تەبىئىيلا ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد كىم؟ ئۇلارنىڭ سۈپەت ئۆلچەملىرىنى كىم بېكىتىدۇ؟ دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ. 160مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە پاكىستاندەك بىر دۆلەتتە ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەھلۇل ھەللىنى بېكىتمەك ئىنتايىن تەس بولۇپ، خەلق سايلىمىدىن باشقا يول بىلەن ئەھلۇل ھەللىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئىسلام تارىخىدا سايلام ئارقىلىق ھاكىم سايلاش ياكى خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاش بولۇپ باققان ئەمەس. چۈنكى، ھاكىملار ئۈممەتنىڭ ئىرادىسى ۋە رازىلىقىنى تەمسىل قىلىدىغان ئۇسۇل بىلەن تەختكە چىقمىغان. پايتەخت ئاھالىسى ياكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا يېقىن بولغانلار ئەھلۇل ھەللىنىڭ ئورنىنى ئالغان. پايتەختتىن يىراق شەھەرلەردىكى ئاۋام خەلق پايتەختكە يېقىن يەردىكى كىشىلەر قارار قىلغان ئىشقا رازىلىق بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ھاكىمىيەت ئۇلارنى قورال كۈچى ۋە ئۇرۇش تەھدىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قارارىغا رازى بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. مانا بۇ ئىسلام تارىخىنى ئىچكى ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكەن ئىشلار بولۇپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

بىلەن ئۇممەتنىڭ كۆچى خوراپ دۈشمەن ئالدىدىكى ھەيۋىسى ئاجىزلىغان.

دۇنيانىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەھۋالى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلىك ھوقۇق ۋە مىللىي مەنپەئەت چۈشەنچىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاساسىي قانۇندا، ھاكىم ياكى ئىش بېشىدىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ئىلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا ئاساسىي قانۇندا ئالىي سوتنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇرا ياكى پارلامېنت ئەزالىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت، ئۇلارنى قانداق تاللاش ئۇسۇلى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە يېتەرلىك بايانلار بار. ئۇنىڭدىن سىرت ئاساسىي قانۇندا ھەرقايسى نامزاتلارنىڭ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن سايلام پروگراممىسى، ئىسلاھات يۆنىلىشى ۋە ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە تۇتۇپ ماڭىدىغان سىياسىي پىلانىنى ئېلان قىلىشى زۆرۈر دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە ھاكىملارنىڭ ۋەزىپە تۇتۇش مۇددىتىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر سايلامغا چۈشمەكچى بولغان نامزاتلار بىرقانچە بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى سايلام رىقابىتى جەريانىدا، مۇنازىرە قىلىپ، ئاۋام خەلققە ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى پىكىرلىرى ۋە چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. نەتىجىدە، سايلىغۇچىلار بىلەت تاشلاش ساندۇقىغا كىمنى تاللىشىغا ياردەم بېرىدىغان مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ بارىدۇ.

ئېنىقكى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان

ئىجرائاتلارنى كۆپلەپ يېڭىلاپ تۇرۇش خەلق ۋە دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭا، تەرەققىي تاپقان دېموكراتىك دۆلەتلەردە چىرىكلىك ئاز بولۇپ، بىخەتەرلىك، ئادالەت ۋە ئىقتىسادىي گۈللىنىش... دېگەندەك ساھەلەردە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى دەپ ئاتالغان دۆلەتلەردىكىدىن كۆپ ئەۋزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

# ھۆرلۈك بىرىنچى ئورۇندا تۇرامدۇ؟

بۇ سوئال قارىماققا مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش مەسىلىسىدىن يىراق كۆرۈنىدۇ، ئەمما شەرىئەتنى تەتبىقلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ مەسىلىدىن يىراق ئەمەس. ئەمما ئۇ يەنە بىر نۇقتىدىن، خەلق ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغاندا ھاكىم بەھرىمەن بولىدىغان قانۇنىي سالاھىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز يۇقىرىدا ئۈممەت- ھوقۇقنىڭ مەنبەسى دەپ ئۆتتۇق. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۈممەت ھوقۇقنى خالىغان كىشىگە زورلۇق، مەجبۇرلۇق ۋە ساختىلىقتىن خالىي ھالدا بىرىش ئۈچۈن ھۆرلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۈممەتنىڭ ھاكىمغا ھوقۇق تاپشۇرۇشى ۋە ئۇنى ئىشلىرىغا ۋەكىل قىلىشىنىڭ ھېچبىر مەنىسى بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە ھۆرلۈكنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە شەرئى ھۆكۈمنى تەتبىقلاشتىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا توختىلىمەن:

1. ئەجەبلىنەرلىكى، ھۆرلۈكتىن قورقۇۋاتقان، ھۆرلۈكنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئېھتىيات قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق بىلەن داغماللانغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆرلۈكنى قالايمىقانچىلىق، تەرتىپسىزلىك، دىنسىزلىق، كۇپۇرلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىشىنىڭ ئاساسلىق ئاملى دەپ قارايدۇ ھەمدە

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان نەرسە ئاساسىي قانۇن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ گېپىدىن، دەۋەتچىلەرنىڭ مەسچىت ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە سۆزلىگەن ۋەزلىرىگە، پەزىلەتلىك ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى تىرىشچانلىقىغا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىسلام تارىخىدا شەكىللەنگەن گۈزەل ئۆرەپ- ئادەتلەر ۋە ئەخلاقنىڭ تەسىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆرلۈكنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە شاھىت بولماقتا.

ھۆرلۈك قالايمىقانچىلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى بىز دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە مەسئۇلىيەتسىز بولمىغان مۇتلەق ئەركىنلىكنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. دېمەككى، بىر ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ئەدەب - ئەخلاققا ۋە گۈزەل ئۆرپ - ئادەتكە زىت بولسا ياكى ئاممىۋى مەنپەئەت ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتسا، قانۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتتە ئۇنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشنى تەقەززا قىلىدىغان ئامىللار ھەر ۋاقىت مەۋجۇت.

ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى بىنورمال ئالاقىنى چەكلەيدىغان نەرسە قانۇنمۇ ياكى ئەقىدە، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاقمۇ؟ ئەر ئاياللار ئارىسىدىكى بىنورمال ئالاقىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان نەچچە ئونلىغان ۋاستىلەر ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلەر ئاللاھتىن قورققانلىقى ۋە ئەقىدىسىنىڭ كۈچى بىلەن زىنا - پاھىشە قىلىشتىن ۋە ئۇ ھەقتىكى پىكىردىنمۇ ئۆزىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە، كۆپلىگەن ئىسلامي بانكىلار ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۆسۈمنى ئاساس قىلغان بانكىلار، ھالالدىن تىجارەت قىلىدىغان شىركەتلەر ۋە ھارام ياكى شۈبھىلىك تىجارەت قىلىدىغان شىركەتلەر بار. لېكىن كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ جازانە ۋە ھارام تىجارەت قىلىدىغان شىركەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىنى چەكلەۋاتقان ئامىل قايسى؟ قانۇنمۇ ياكى دىنمۇ؟ ھالبۇكى، قانۇننىڭ كىشىلەرنى بۇ مۇئامىلىگە ئىلھاملاندۇرىغانلىقى ھەممىگە ئېنىق.

كىشىلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن، پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ۋە ئەلمانىزمنى ئاساسىي قانۇن قىلغان غەرب دۆلەتلىرىگە قاراپ باقايلى. ئۇلار ئۇ ئەللەردە ياشايدىغان بىرەر مۇسۇلماننى ئەقىدىسىگە مۇخالىپ ئىشلارغا مەجبۇر قىلدىمۇ؟ ناۋادا مەجبۇر قىلغان بولسا، بۇنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟ غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان ئىشرەتخۇر، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن بۇزۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، كۆپلىگەن ياخشى مۇسۇلمانلارغا يۇرتلىرى تارلىق قىلغاندا، ئەركىن دۆلەتلەردە (غەرب ئەللىرىدە) پاناھلىق ۋە قوغدىنىشقا ئېرىشتى. ئۇلار غەرب ئەللىرىدە ئۆز يۇرتىدا بەرپا قىلالمىغان ئىلىم ـ مەرىپەت، دەۋەت ۋە خەيرىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى بەرپا قىلدى. بىز نېمە ئۈچۈن ھۆرلۈكنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىگە كۆز يۇمۇپ ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشايمىز.

2. ئەگەر بىز تارىختا قايتىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن چۈشۈپ ھازىرقى بىچارە ھالەتكە كېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل نېمە؟ دەپ سورىغىنىمىزدا، ئادالەتسىزلىك، مۇستەبىتلىك، ئالىملارنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەش،

ئىجتىمائىي تەنقىدنى چەكلەش، پارتىيە ۋە ئۇيۇشما قۇرۇشنى چەكلەش، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەر ئاۋام خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇش دېگەندەك ئامىللارنىڭ گۈللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىغا، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئاقىللار، دانالار ۋە سەرخىللار قوشۇنىنىڭ رولىنى يوقىتىشقا سەۋەب بولغانلىقىنى بايقايمىز. يۇقىرىقى ئىشلارغا سەۋەب بولغىنى ھۆرلۈك، پاسىقلىق، ئەخلاقسىزلىق، دىنسىزلىق ۋە كۇپۇرلۇق ئەمەس. يەر يۈزىدىكى بارلىق مىللەتلەر زۇلۇم، مۇستەبىتلىك ۋە چىرىكلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىززەت ئابرۇيىنى قولىغا ئالغاندا ۋە خەلققە ھاكىملارنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى قايتۇرۇپ بېرىلگەندىلا، تەرەققىي قىلالىدى. مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ.

3. دەۋرىمىزدىكى بىربۆلەك ئالىملار ھۆرلۈك ۋاستە ئەمەس، بەلكى مەقسەتتۇر دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، گۈزەل ۋە ئېسىل ھاياتنىڭ شەرتىدۇر. بىلىشىمىزچە، ئەللامە تاھىر ئىبنى ئاشۇر ھۆرلۈكنى «شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ بىرى» دەپ، ئۇ نەزەرىيە ھەققىدە توختالغان تۇنجى كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز دىن، جان، ئەقىل، ئابرۇي ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت بەش نەرسىنى قوغداشنىڭ ئالىملار تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بەزى ئالىملار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىمۇ شەرىئەتنىڭ نىشانلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. مەسىلىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاندا، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

مۇستەقىل مەقسەت دېگەندىن كۆرە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى دېيىلسە بەكرەك ئۇيغۇن بولىدۇ. بەزى ئالىملار ھۆرلۈك شەرىئەت تەرىپىدىن قوغدىلىشى ۋاجىب بولغان ئالتىنچى مەقسەت دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇلار قۇللۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىشىلەردىن زولاش ۋە بېسىم قىلىشنى كۆتۈرۈۋېتىش ھەمدە ئەقىدە، تەپەككۇر قىلىش، ئىپادىلەش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت ساھەلىرىدە ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار ۋە شەرئى ئەھكاملارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ھۆرلۈكنىڭ شەرئى مەقسەت ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

شەرىئەت مۇباھ قىلغان ئىشلاردا، كىشىلەرنىڭ ھۆرلۈكىگە چەك قويۇش زۇلۇمدۇر ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. زۇلۇم بولسا ئاللاھ ئۆزى ۋە بەندىلىرىگە ھارام قىلغان بىردىنبىر جىنايەتتۇر[51].

ھۆرلۈك شەرئى مەقسەت بولغان ئىكەن، ناھەق ھالدا ئۇنىڭغا دەخلى تەرۇز قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىش ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان شارائىت ۋە ۋاستىلەرنى ھازىرلاش كېرەك. مېنىڭچە، ئىشنى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلاش كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، كىچىكلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش، مەسلىھەتلىشىش ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇش روھىنى قانات يايدۇرىدىغان تەربىيە ئۇسۇلىنى

[51] ئاللاھ ھەدىس قۇدۇسىيدا: «ئى بەندىلىرىم، مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم ۋە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، شۇڭا زۇلۇم قىلىشماڭلار» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى).

تەتبىقلاش كېرەك. شۇنداقلا، «ئىشلاردىكى ئەسلىي پىرىنسىپ مۇباھلىقتۇر» دېگەن فىقھىي قائىدىگە ئاساسەن، باللارغا تاللاش ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكى بېرىش لازىم.

ئەركىن تەربىيە بىلەن بىرگە، ھۆرلۈكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاز سانلىقلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە يوللۇق بولمىغان سەۋەبنى ياكى رىئاللىقنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويىدىغان قىلمىشلارنى چەكلەيدىغان قانۇن تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش، پارچىلىنىش ياكى ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇدىغان قىلمىشلىرىغا يول قويماسلىق كېرەك. شۇنداقلا، جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇستەقىل ئەدلىيە ۋە سوت مەھكىمىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

يەنە ئەركىن ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە تەشۋىقاتنىڭ خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە ئاممىۋىي مەنپەئەتنى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى رولىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى ئۇيۇشما، بىرلەشمە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

دەۋرىمىزدە ياشاشنىڭ تەلىپى غايەت زور ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جىددىي تۈس ئالماقتا. بۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىشى ئۈچۈن ئىجادچانلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ھەرىكەت ۋە ئىجابىي تەنقىد دېگەندەك تەرەپلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەركىنلىكتىن كۆپ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز مەدەنىيەتنىڭ قورقۇنچ، چەكلىمە ۋە ئالاقزادىلىك ئۈستىگە قۇرۇلمايدىغانلىقىنى، بەلكى پەرقلىق ھايات كەچۈرۈش يولىدا ئۇچۇق - يورۇق بولۇش، تەشەببۇسكار بولۇش ۋە ھەرىكەتچان بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى ئىش يولىدىن چىققاندا ياكى ئامموۋى ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلار رىئايە قىلىنمىغاندا، ھۆكۈمەت ۋە خەلق بۇنداق يولسىز قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەرنى بېكىتىدۇ. بۇ تېمىدا ئاساسلىق تايىنىش نۇقتىسى ئەقىدە، ئاللاھتىن قورقۇش، ياخشى ئۆرپ - ئادەتلەر ھەمدە دەۋەتچىلەر، ئىسلاھاتچىلار ۋە ياخشى كىشىلەر ئېلىپ بارىدىغان ئاڭ سەۋىيەنى يۈكسەلدۈرۈش ھەرىكىتى بولىدۇ.

4. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھات ئىشلىرىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پروگراممىلىرىدا ئەركىنلىكنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا بىر سوئال پەيدا بولدى. بەزىلەر شەرىئەتنى قوللىنىش ھەممىدىن مۇھىم، دېسە، يەنە بەزىلەر ئەركىنلىك ھەممىدىن مۇھىم، دېدى. بۇ ئىككى قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دەلىل - ئىسپاتلىرى بار بولۇپ، تۆۋەندە بىزنىڭ ئۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

1) شەرىئەت ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئەھكامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دىن بولسا، ئۇنى تەتبىقلاش ھۆكۈمەت، ياكى تەشكىلات ياكى بىرەر جامائەتكە باغلىق ئەمەس. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسانلار شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەتبىقلاشقا مەسئۇل. ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى

بولسا، قانۇن چىقىرىشقا، جىنايى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار بىلەن بەزى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىشقا مەركەزلىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرىئەتنى تەتبىقلاش ھۆرلۈكتىن مۇھىم، دېگۈچىلەرنىڭ نەزرىدە، شەرىئەت پەقەت دۆلەت كۈچ ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇنىي ۋە جىنائىي ئىشلاردىن ئىبارەت ئاز بىر قىسىم ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، ھەرقانداق بىر سىياسىي پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ئۇلار شەرىئەتنى تولۇق تەتبىقلايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر شەرىئەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا تەتبىقلايدۇ.

2) كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى شەرىئەتنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنى ئېتىقاد، پىكىر بايان قىلىش، يىغىلىش ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تەبىئىي ھەق - ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش تاجاۋۇزچىلىقنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر بۇنىڭدىن چوقۇم قۇتۇلۇشى كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەركىنلىك ئىسلامغا زىت كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، شەرىئەتنىڭ قائىدە - كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشمۇ ئەركىنلىككە زىت ئەمەس. كىشىلەرگە ئۆز ھەق - ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش ياخشى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، شەرىئەتنى تەتبىقلىغانلىقتۇر ۋە مۇسۇلمان ساۋابقا ئېرىشىدىغان ئىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3) بىر يۇقىرىدا ھاكىم ئۆز ھوقۇقىنى ئۈممەتنىڭ ئۇنى تاللىشى ۋە ئۇنى ئامموۋى ئىشلىرىغا ۋەكىل قىلغانلىقتىن ئالىدۇ، دېگەن قائىدىنى مۇقەررەلەشتۈرگەن ئىدۇق. بۇ قائىدىگە ئاساسەن ئۈممەت ئەھلۇل ھىللى، پارلامېنت ياكى شۇرا ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىغان كىشىلەرنى ئىختىيارى يوسۇندا تاللىشى ئۈچۈن ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا شۇرا ئەزالىرىنىڭمۇ رەئىسلىككە لايىق دەپ قارىغان كىشىنى تاللاشتا ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. كىشىلەر تاللىشىدا ئەركىن بولمىغاندا، ئاۋام خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلغۇچى ھاكىملار قانۇنسىز ھاكىم ياكى ھوقۇق بۇلاڭچىسى بولغان بولىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئاۋام خەلق پارلامېنت ئەزالىرىنى سايلاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ھاكىمنى تاللاپ چىقىشىدا تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. بۇ مەيلى ئىسلامىي بولسۇن ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن كۆپلىگەن دۆلەتلەردە زور سىياسىي قىيىنچىلىقنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئاساسىي مەسىلە بولماقتا.

ئۈممەتنىڭ ئۆزى مۇناسىپ دەپ قارىغان ئادەمنى ھاكىملىققا سايلاش ھوقۇقىنى ھېكمەت ۋە دانالىق ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئىشتۇر.

# كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى

مەن ئىلگىرى ئىسلامدىكى شۇرانىڭ مۇسۇلمانلار شەخسىي ۋە ئاممىۋىي تۇرمۇشىدا ئەمەل قىلىدىغان بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ياكى سۆھبەتلىشىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەسلىھەت قىلمايدۇ، بەلكى ئىمكانقەدەر ئەڭ ياخشى قارارغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىدۇ.

شۇرادا ھەر ۋاقىت ئورتاق بىر نەتىجە چىقمايدۇ، بەلكى بەزىدە بىرقانچە خىل پىكىر ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. بەزى پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىدۇ، بەزى پىكىرلەردە بىرلىككە كېلەلمەيدۇ، بەزى پىكىرلەر كۆپ سانلىقنىڭ، بەزى پىكىرلەر ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ پىكرى بولىدۇ. ھەرقايسى پىكىرنىڭ ئۆزىگە يارىشا قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، مەسلىھەت سالغۇچىلار تەبىئىيلا كۆپ سانلىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن پىكىرنى ئالىدۇ. مەيلى بۇ مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەزالارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن پىكىر بولسۇن، ياكى بىر قەدەر كۆپ ئەزالارنىڭ پىكرى بولسۇن ئوخشاش.

كۆپ سانلىق ئەزالار تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشكەن پىكىرنى ئالماسلىق شۇرانىڭ مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بەلكى بۇ چاغدا ئۇنى شۇرا دېمەي پىكىر ئالماشتۇرۇش، پاراڭلىشىش ياكى سۆھبەتلىشىش دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، شۇرادا ھەرقايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەپ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىدە ئەڭ ياخشى چارە تېپىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئالماسلىق شۇرانىڭ مەنىسىگە زىت بولىدۇ.

مەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولسام، بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرەتمىگەن بولاتتىم. ئېھتىمال، دېموكراتىيەنىڭ كۆپ سانلىقنىڭ ھۆكمىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى رەت قىلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شەكسىزكى، كۆپلۈك توغرىغا، ئازلىق خاتاغا ئۆلچەم ئەمەس. بەزىدە كۆپ سانلىق خاتالىشىپ، ئاز سانلىق كىشىلەر توغرىنى تېپىشى مۇمكىن، بۇ ھەممىگە ئېنىق. توغرىسى شۇكى، ئۈممەت بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن خاتالىقتا بىرلەشمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمنى خاتالىقتا بىرلەشتۈرمەيدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىللە» دېگەن[52]. ھەدىستە ئۈممەتنىڭ ھەممىسى مەقسەت قىلىنمىغان، بەلكى ئۆلىمالار مەقسەت قىلىنغان. مەلۇم بىر ئەسىردىكى ئۈممەت ئۆلىمالىرى بىرەر ئىشنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن بولسا، ئۇلار توغرا ئىشقا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇ شەرىئەت ئۆلىمالىرىنىڭ مەلۇم مەسىلىدىكى ئىجماسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىر سوئال تۇغۇلىدۇ، تىببىي خادىملار، ياكى ئىقتىسادشۇناسلار ياكى ئىنژېنېرلار مەلۇم بىر مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىجماسىمۇ كەسكىن توغرىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئىجما بولامدۇ؟

[52] تىرمىزى رىۋايىتى.

مىنىڭچە، ھەدىستە پەقەت شەرىئەت ئۆلىمالىرى كۆزدە تۇتۇلغان. لېكىن دوختۇرلار مەلۇم بىر كىشىنى ئوپېراتسىيە قىلىش زىيانلىق ئەمەس دەپ بىرلىككە كېلىپ، ئوپېراتسىيە قىلسا، ئاندىن ئۇ شەخس ئوپېراتسىيەدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىجماسى ئۇلارنى قانۇنىي جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ قارارىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ دەلىللىرى



ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىش نورمال ئىش بولسىمۇ، تېمىمىز ئېنىقسىزلىقتىن خالىي بولمىغان بەزى تەپسىلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىشقا ئائىت بەزى دەلىللەرنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمەن.

1. ھەزرىتى ئۆمەر شامغا بارغاندا، ئۇنى دىمەشىق شەھىرىگە كىرىشتىن بۇرۇن ھەربىي قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈتۈۋالغىلى چىقىپ، شام رايونىدا ۋابا تارقالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر شامغا كىرىش ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا مەسلىھەت سالغان. ئۇلار بۇ مەسىلىدە شەھەرگە كىرىۋېرىش ۋە كىرمەي قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل قاراشتا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مەككە پەتھىسىگە قاتناشقان مۇھاجىرلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سالغان. ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرگە قايتىپ كېتىش ۋە مۇسۇلمانلارنى ھالاكەتكە دۇچار قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەندە، ھەزرىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ قايتىپ كەتكەن[53].

ئىبنى ھەجەر بۇخارىينىڭ شەرھىسىدە: «بۇ خەۋەر كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىشقا دەلىل بولىدۇ. چۈنكى، قۇرەيش ئاقساقاللىرىنىڭ پىكرى بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە مايىل بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پىكرى قوشۇلغاندا، سان جەھەتتىن كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن[54].

2. ھەزرىتى ئۆمەر سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئۆزىگە ئىزباسار بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان كىشىنى ئالتە چوڭ ساھابە ئىچىدىن تاللاشنى ۋەسىيەت قىلغان[55]. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف كىمنىڭ خەلىپە بولۇشقا مۇناسىب ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەلققە مەسلىھەت سېلىپ، كىشىلەردىن ھەزرىتى ئەلى ياكى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قايسىسىغا مايىللىقىنى سوراپ ئەھۋال ئىگىلىگەن. ئاندىن شۇرا ئەزالىرى بىلەن يىغىلىپ، ئۇلارغا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئوسمانغا مايىل ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان[56].

---

[53] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[54] فەتھۇل بارى: 10\190 ـ بەت.

[55] ھەزرىتى ئۆمەر قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىزباسار بولىدىغان كىشىنى ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، تەلھە بىن ئۇبەيدۇللاھ، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ ئىچىدىن تاللاشنى ۋەسىيەت قىلغان. بۇ ئالتە كىشى دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان، رەسۇلۇللاھ جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سەرخىللىرىدىن ئىدى. بۇ ئالتە كىشىدىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى، زۇبەير ھەزرىتى ئەلىنى، تەلھە ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپە نامزاتى قىلىپ تاللىغان. شۇ چاغدا، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ھەزرىتى ئوسمانغا: ـ مەن نامزاتلىقتىن ۋاز كېچىپ، ھەكەملىك قىلسام، سىلەر رازىمۇ؟ ـ دېگەن. ئۇلار ئابدۇراھماننىڭ گېپىگە رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئۈچ كۈن مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە راي سىناش ئېلىپ بارغان. ئاخىرىدا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئوسمانغا مايىل ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، شۇرا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان (تەرجىماندىن).

[56] ئىبنى كەسىر، «بىدايە ۋە نىھايە»، 1 ـ توم، 530 ـ بەتكە قاراڭ.

3. ئىبنى تەيمىيە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كۆپ سانلىق ساھابىلەرنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلماسلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ بەيئەتتىن باش تارتىشى خەلىپىلىكتىكى مەقسەتكە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. خەلىپىلىكتە مەقسەت قىلىنغىنى ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر. ئۈممەتنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىدىغان بۇ مەسىلە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان. كىمكى خەلىپىلىك بىر ـ ئىككى ـ ئۈچ ـ تۆت ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، دېسە، خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىرقانچە ئادەملەر كۈچ ساھىبى ئەمەس، ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇنداقلا، كىمكى بىر ـ ئىككى ياكى ئون نەچچە ئادەمنىڭ بەيئەتتىن باش تارتىشى خەلىپىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغا زىيانلىق دېسە، ئۇمۇ خاتالاشقا بولىدۇ»[57]. دېمەككى، ئىشلار كۆپ سانلىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

4. ھەدىسكە ھۆكۈم قىلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قاراپ چىقىشتىمۇ كۆپ سانلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئادەتتە يالغانغا بىرلىشىۋېلىش ئېھتىمالى بولمىغان كۆپ سانلىق راۋى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس مۇتەۋاتىر دەپ ئاتىلىدۇ ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنى تەستىقلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ھەدىسنىڭ يوللىرى كۆپەيگەندە، زەئىپتىن ھەسەن دەرىجىسىگە، ھەسەندىن سەھىھلىك مەرتىۋىسىگە ئۆرلەيدۇ. كۆپ راۋى

[57] ئىبنى تەيمىيە، «سۈننەت مىتودى»، 1\ 530 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بىلەن ئاز ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە زىت كەلگەندە، كۆپ ئادەم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس كۈچلۈك دەپ قارىلىدۇ.

فىقھىي مەسىلىلەردىمۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ گېپى گەپ بولىدۇ ياكى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ گېپى مەشھۇر گەپ بولۇپ، ئاز سانلىق ئالىملارنىڭ گېپى مۇخالىپ پىكىر دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ گېپى «بەزىلەرنىڭ قارىشىدا» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئالىملارنىڭ سانىنى ئېتىبارغا ئالماي، تۇرنى ئېتىبارغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئالىملارنىڭ: كۆپ سانلىقنىڭ قارىشىدا مۇنداق، مۇھەققىقلەرنىڭ (تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى ئالىملارنىڭ) قارىشىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مۇھەققىق ئالىملار ئۇستازلىرىغا ۋە مەزھەپ پېشىۋالىرىغا تەقلىد قىلماستىن، مەسىلىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان، مەسىلىنىڭ دەلىلى ۋە ھۆكۈم چىقىرىش پرىنسىپىغا قايتا قاراپ چىقىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن يېڭى يول بەلگىلىگەن كىشىلەردۇر. مەسىلەن، مالىكىي مەزھەپتىكى ئىبنى ئابدۇلبەر، شافىئىي مەزھەپتىكى ئىبنى ھەجەر، ھەنبەلىي مەزھەپتىكى ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ مۇھەققىق ئالىملارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قارايدىغان بولساق، تۇر بىلەن ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىنىڭ سان بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن ئاز ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن:

رەئىس سايلاش ياكى شۇرا ئەزالىرىنى سايلاش هوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر كىم؟ ئۇلار دىنىي ئالىملارمۇ؟ سىياسىي ساھەدە تەجرىبە توپلىغان كىشىلەرمۇ؟ ھەربىيلەرمۇ؟ جەمئىيەتتە كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە جامائەت ئەرباپلىرىمۇ؟ ياكى ئاۋام خەلقمۇ؟

ھاكىم سايلام ئارقىلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىرگە خەلقئارا مۇناسىۋەت، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق دېگەندەك دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىمۇ قارار چىقىرىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رەئىس سايلىماقچى بولغان كىشىلەرمۇ يۇقىرىقى ئىشلاردىن مەلۇم دەرىجىدە مەلۇماتلىق بولۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، رەئىسلىككە سالاھىيەتلىك كىشىنىڭ كىملىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ھەربىيلەر، سىياسىيونلار ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدە تولۇق مەلۇماتى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بىر پۈتۈن ئۈممەت بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار. بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر دۆلەتتە يىگىرمە مىليون ئەتراپىدا سايلىغۇچى بار دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈزلەرچە بەلكى مىڭلارچە ئۆلىمالار، سىياسىيونلار، ئىقتىسادشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار ۋە باشقا ساھەلەردە يېتىلگەن ئالىملار بولىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ ئاۋام خەلق ۋە كەسپى بولمىغانلارغا قارىتا تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

بەلكىم بەزىلەر: «سىلەر بايان قىلغان يۇقىرىقى تۆردىكى كىشىلەر سايلاش هوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرگە نىسبەتەن بەك ئاز، ئۇلار سايلامدا كۆپ ئاۋازنى تەشكىل قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەتىجىدە، شۇرا ئەزالىرىنى ۋە ھاكىمنى يەنىلا سىياسىي جەھەتتە تەجرىبىسى يوق، شەرئىي بىلىملەردىن خەۋىرى يوق كىشىلەر سايلىغان بولمامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا جاۋابەن: بۇ دېگىنىڭىز توغرا، ئۇنداقتا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى چارىڭىز بارمۇ؟ دەيمەن.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭ چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ ھاكىمنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ساھەلەردە يېتىلگەن كەسپىي كىشىلەر سايلىسا، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

لېكىن ھەرقايسى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ سەۋىيە پەرقى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېنىقلىماق ناھايىتى تەس بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلارنىڭ سايلام بېلىتىنى تەكشۈرگەندە ئالاھىدە قىممىتى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇنى ئاساسىي قانۇندا ۋە سايلام تۈزۈملىرىدە ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەك.

قانداقلا بولمىسۇن، كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي تەجرىبىلىرىدىن ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى بايقىيالايدۇ ھەمدە ئۆزلىرى ئىشەنگەن قىممەت قاراشلارنى قوغدايدىغان ۋە تەلپۈنۈۋاتقان پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان نامزاتلارنى تاللاپ چىقالايدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارغا سەۋر قىلىش لازىم. چۈنكى، ۋاقىت كۆپىنچە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئالىملار ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە كۆپ سانلىقنى ئەيىبلىگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ كۆپ سانلىقلار ھەققىدە مۇنداق

دېگەن:«**وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي الْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ**» «ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە (يەنى كافىرلارغا) ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ؛ ئۇلار خىيالىي پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، يالغانلا سۆزلەيدۇ»[58].

يەنە: «**وَمَا أَكْثَرُ النَّاسِ وَلَوْ حَرَصْتَ بِمُؤْمِنِينَ**» «سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ ـ لېكىن ـ ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ»[59].

ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان كۆپلۈك پەيغەمبەرلەرگە بويۇنتاۋلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ رىسالىتىگە قارشى چىققان ۋە روشەن ھەقىقەتنى رەت قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك كۆپ ئىدى. ئەمما بىز توختىلىۋاتقان مەسىلە ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مەسىلە ئەمەس. بىز كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىدا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان كىشىنى تاللاش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. ئېنىقكى، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى ئېنىق، كەسكىن شەرئىي دەلىل بار ئورۇندا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى ھەرقانداق ھۆكۈمەت ياكى شەخسنىڭ بۇنداق ئىشلارنى مەسلىھەت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا تاشلىشىمۇ توغرا ئەمەس. شۇڭا، مەسلىھەت ئۈچۈن كىشىلەردىن ھاراق ئىچمەكچىمۇ؟ ياكى ئۆسۈمنى ھالال قىلماقچىمۇ؟ ياكى زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەسچىتلەرنى تاقىماقچىمۇ؟ دەپ، سوراپ يۈرۈش قەتئىي جائىز ئەمەس. تارىخقا قارايدىغان بولساقمۇ، مەيلى قەدىمدە بولسۇن

[58] ئەنئام سۈرىسى، 116 ـ ئايەت.

[59] يۇسۇف سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياكى هازىر بولسۇن، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە ئىنتايىن ئاز يۈز بەرگەنلىكىنى بايقايمىز.

## هاكىم ۋە پۇقرانىڭ ئورتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت

ئادەتتە كىشىلەر تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھاياتلىقتىكى تاللىشىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ھاكىمىيەت ياكى كۈچنى ياقتۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار مەلۇم بىر مەزگىل ھۆكۈمەتسىز ياكى بەگلىكسىز ياشىغان. لېكىن ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا، ئاممىۋىي ئىشلارنى رەتكە سالىدىغان ۋە ئارىسىدا يۈزبەرگەن دەتالاشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر ئورگان بولمىسا ھاياتلىق ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە قانائەت ھاسىل قىلغان.

بىز ئىشارەت قىلغان سەۋەبلەردىن بايقايمىزكى، جەمئىيەت بەدەۋىيلىككە قانچە يېقىن بولسا، ھۆكۈمەت شۇنچە ئاددىي ۋە چەكلىك بولغان. جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرى ۋە تەلەپلىرى كۆپىيىپ، ئەسلىدە تۇرمۇشتا ئىككىلەمچى دەپ قارالغان كۆپلىگەن نەرسىلەر تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭسىز تۇرمۇش كەچۈرۈش قىيىنلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، مەدەنىيلەشكەن جەمئىيەتلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارمۇ كۆپەيگەن، بولۇپمۇ ئەخلاق مەسىلىسىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. بۇ ئىشلار كۈچلۈك، تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

تەقــەززا قىلــدۇ. ھوقــۇق ۋە مەجبۇرىيــەت ھەققــدە گــەپ بولغانــدا، ســىز دۆلەتنىــڭ ئىقتىــدارى، ســالاھىيىتى ۋە بايلىقــى ھەققــدە سۆزلەشــكە موھتــاج بولۇشــىڭىز مۇمكىن. شــۇڭا، ھازىرقى دۆلەتلــەر بىــر تەرەپتىــن ئىبغىــر يۈكنــى ئۈســتىگە ئالسا، يەنــە بىــر تەرەپتىــن ئاممــۋى ئىشــلارغا يېتەكچىلىــك قىلىــش ۋە پۇقرالارنىــڭ ھاياتىغــا تەســىر كۆرســىتىش ئۈچــۈن كــەڭ ھوقۇققــا ئىگــە.

ئەگــەر بىــز قەدىمقــى ئالىملارنىــڭ ھاكىمنىــڭ پۇقــرا ئۈســتىدىكى ھوقۇقــى ۋە پۇقرانىــڭ ھاكىــم ئۈســتىدىكى ھوقۇقــى ھەققــدە ئوتتۇرىغــا قويغــان پىكىرلىرىگــە قارايدىغــان بولســاق، ھوقۇقنىــڭ ئىخچــام ئوتتۇرىغــا قويۇلــۇش ســەۋەبلىك نۇرغــۇن ئېنىقســىزلىقلارنىڭ بارلىقىنــى بايقايمىــز. بــۇ ئېنىقســىزلىقلار تۈپەيلىدىــن ھاكىمــلار بىلــەن پۇقــرالار ئارىســىدا كېلىــپ چىققان نۇرغۇنلىغــان ئۇقۇشماســلىقلار كۆپلىگــەن پىتنــە - پاســات ۋە قالايمىقانچىلىقنىــڭ يــۈز بېرىشــىگە ســەۋەب بولغــان.

ئەگــەر بىــز «ئەھــكام سۇلتانىيە (ھاكىمىيــەت ئەھكاملىــرى)» ناملىــق كىتابلارغــا قارايدىغــان بولســاق، پۇقرالارنىــڭ ھاكىمــلار ئۈســتىدىكى ھوقۇقــى ھەققــدە تۆۋەندىكى بايانلارنــى ئۇچرىتىمىز:

**پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى**

*1. دۆلەتنى قوغداش.*

*2. دەتالاش يۈز بەرگەندە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش.*

*3. دىنىنى بۇرملاشتىن مۇھاپىزەت قىلىش.*

*4. ئىسلامغا بويۇنتاۋلىق قىلغانلارغا قارشى جىھاد قىلىش.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

5. دۆلەت مەمۇرلىقىغا ئىقتىدارلىق، ئىشەنچلىك كىشلەرنى قويۇش.
6. ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش.
7. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش.
8. شۇرا ئەھلىگە مەسلىھەت سېلىش.
9. قول ئاستىدىكى مەمۇرىي خادىملاردىن ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان ياكى چىقالمىغانلىقىنى ئېنىقلاش.
10. كاپىرلار بىلەن ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولۇپ كەتمەسلىك.
11. پۇقرالارغا كۆيۈمچان ۋە سەمىمىي بولۇش قاتارلىقلار.



## ھاكىملارنىڭ ھوقۇقى

1. ھاكىم گۇناھقا بۇيرۇمىسلا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش.
2. ھاكىمغا سەمىمىي بولۇش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش.
3. ھاكىم ھەق ئۈستىدە بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋە قوللاش.
4. ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق ۋە كىشلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەسلىك.
5. ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئەگەر ھەققى مەنئى قىلىنغان تەقدىردىمۇ، چىشنى چىشلەش.
6. شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش، نامازلا ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماسلىق.
7. ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئۇلارنىڭ

*هاكىمدىن ئايرىلماسلىق، بولۇپمۇ مالىمانچىلىق كۆرۈلگەن ۋاقىتلاردا ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇش.*

8. *هاكىم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ۋاپات بولغانغا ياكى هاكىملىق سالاھىيىتىنى يوقاتقانغا قەدەر، ئۇنىڭغا بەرگەن ئەھدىسىدە چىڭ تۇرۇش.*

***مۇلاھىزە:***

1. هاكىملار بىلەن پۇقرالارنىڭ هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا، ھەمىشە ئېنىق بىر ئۆلچەمنىڭ يوقلۇقىنى بايقايمىز. پۇقرالارنىڭ هاكىملارنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم هوقۇقلىرىدىن بىرى هاكىملارنىڭ پۇقرالارغا ئۆلگە بولۇشى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا، بىز ئېنىقسىز بىر نەرسە بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولىمىز. هاكىم پۇقرالارغا قايسى نۇقتىدا ئۆلگە بولىدۇ؟ دۇنيانى دوست تۇتماسلىقتىمۇ؟ كۆپ ئىبادەت قىلىشتىمۇ؟ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىشتىمۇ؟ ئىلىم ئۆگىنىش ياكى ئىجتىھاد قىلىشتىمۇ؟ ياكى دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاممىۋىي ھاياتلىقتىكى كىرىزىسلارنى ئىسلاھ قىلىشتىمۇ؟ هاكىم پۇقرالارغا زادى قايسى تەرەپتە ئۆلگە بولىدۇ؟

بىز ھەرقانداق ئىشتا ياكى كۈندىلىك پائالىيەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، باشقىلارغا ئۆلگە بولۇشنىڭ ئىنتايىن تەس، قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قارايدىغان بولساق، بەزىلەر يېتىلگەن ئالىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى ئۆلگە بولۇش دەرىجىسىدە ئەمەس، بەزىلەر ئىشلارنى ئىدارە قىلىشتا ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ماھىر، ئەمما ئىبادەتگۇي ئەمەس، بەلكى تېخى بەزى ئىبادەتلەرگە سەل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى تالاش

قاراپ، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ سىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ھاكىم ياكى خەلىپە ياكى شۇرا ئەزالىرى قانداق تاللىنىدۇ؟ مۇھىم مەنسەپكە تەيىنلەش ئۈچۈن نامزاتلىققا تاللانغان كىشىلەرنىڭ ئارىسى قانداق تەكشۈرۈلۈشتۈرۈلىدۇ؟

بۇنىڭدىن سىرت، خەلىپىلىك، ياكى رەئىسلىك، ياكى ئەمىرلىك ئۈچۈن نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن كىشىلەر ئىنتايىن ئاز. چۈنكى، ئۇلار سىياسىي تەبىقىدىن كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ تالانتىنى پارتىيە ئىچىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن كۆرگەن بولىدۇ ياكى ئۇلار مۇھىم مەنسەپلەردە ئولتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ كىشىلەرگە نىسبەتەن ناتونۇش بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاۋام خەلق ياكى ئەھلۇل ھەللىنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىم ياكى رەئىسنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارالغان ياكى بەزى ۋاقىتلاردا پۇقرالارنىڭ ھاكىملار ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرى دەپ قارالغان ئىشلارغا سەل قارىلىپ قالغان. تارىخ ۋە رېئاللىقمۇ بۇنىڭغا شاھىت.

2. ھاكىمنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى ياكى خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى ھەققىدە توختىلىش بەك توغرا ياكى ئەۋزەل بولمىسا كېرەك. ئۇلار ئارىسىدىكى ئورتاق مەسئۇلىيەت، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاممىۋى ئىشلارنىڭ توغرا بولۇشى ھەققىدە توختىلىشنى ئەڭ توغرا دەپ قارايمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇ نۇقتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆزمەسئۇلىيەت دائىرەڭلار توغرۇلۇق

سوراق قىلىنىسىلەر. سىياسىي رەھبەرمۇ مەسئۇل، ئۇ پۇقرالىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ. ئەر كىشىمۇ مەسئۇل، ئۇ بالا ـ چاقىلىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ. ئايال كىشىمۇ مەسئۇل، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋاقىسى، بالىچاقىسى توغرۇلۇق سورىلىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇل بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرەڭلار توغرۇلۇق سورىلىسىلەر»[60].

ھاكىم ۋە چوڭ ـ كىچىك دۆلەت مەمۇرلىرى، ئاتا ـ ئانا، بالا، خىزمەتچى خادىم، ساۋاقداش، قوشنا، شېرىك ۋە رىقابەتچى... ھەممىسى ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئالاقە دائىرىسىدىن سوئال سوراق قىلىنىدۇ. چۈنكى، مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قورۇلمىغان ئالاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، مەسئۇلىيەتلەر بىر مەسىلىدە بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئالايلۇق، بىر دۆلەتتە خەۋپسىزلىك مەسىلىسى كۆرۈلسە، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى خەتەرگە ئۇچرىسا، ھۆكۈمەت بىخەتەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ قورقۇنچىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن يوللۇق بولغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. ناۋادا ھۆكۈمەت مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى دەرھال تەدبىر قوللانمىسا ياكى بۇ مەسىلىگە سەل قارىسا، خەلق، بولۇپمۇ ئاڭلىق ۋە ساپالىق كىشىلەر ھۆكۈمەتتىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئۇلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش يولىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كېلىدىغان بېسىم ياكى زىيان ـ زەخمەتكە تەييار ھالەتتە تۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ خەۋپسىزلىككە



[60] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

تاقابىل تۇرۇپ، بىخەتەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، خەلقمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرى ۋە يولغا قويغان بارلىق تەدبىرلىرىگە ئاگاھلىق بويسۇنۇشى كېرەك. خەلقنىڭ ھۆكۈمەت قارارىغا بويسۇنۇشى ئائىلىدە پەرزەنتلىرىگە ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈكىنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىشنى ئۆگىتىش بىلەن باشلىنىپ، ئوغرىنى تۇتۇش ۋە شەرئى ئەدەب ـ ئەخلاققا خىلاپلىق قىلمىغان ئاساستا دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارغا ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا قانۇنىي ۋە مەدەنىي مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا يەرلىك قارارلارغا قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان كەنت ۋە مەھەللىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇل ـ ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا مەسلىھەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى ياخشى بىلىدۇ، دۆلەتمۇ ئاھالىلەرنىڭ ئۇل ـ ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا ياردەمدە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىجرا قىلىش جەريانىدا مەسىلە كۆرۈلسە، يەرلىك ئاھالىلەر كۆرۈلگەن مەسىلىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى،

دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يالغۇز دۆلەتنىڭلا ئىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقنىڭمۇ ئىشى. شۇڭا، ئۇلار مەسئۇلىيەتنى دۆلەتكىلا ئارتىپ قويماي، زىممىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتنى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇشۇنداق چۈشەنگەندە، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى شەرەپ خەلق بىلەن ھۆكۈمەتكە تەڭ مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداقلا، دۆلەتتە ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتە مەدەنىي جەھەتتىن چېكىنىش يۈز بەرگەندىمۇ خەلق ۋە ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىمكانىيەتكە قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ. بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى كونترول قىلىشقا سەل قاراپ، ئۇلارنىڭ پارىخورلۇق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماسلىقى، خەلقنىڭمۇ چىرىكلىكى ۋە مەسئۇلىيىتىگە سەل قارىغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئوخشاش بىر مۇشكىلاتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىششى خەلق ۋە سەرخىللارنىڭ زور مەسئۇلىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئارىسىدا ئالاقە كۆۋرۈكى بەرپا قىلىشنى ھەمدە خەلقنىڭمۇ پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدىغان ئاممىۋى تەشكىلات ۋە مۇئەسسەسەلەر ئارقىلىق ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلىدۇ.

3. ھاكىم بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كۆزقاراشلارغا قارىغان كىشى مۇناسىۋەتنىڭ تويۇق يولغا كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن كېيىن، ھاكىملار بىلەن ئۇچرىشىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭدەك، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەزىرلەرنىڭ ئېلىۋاتقان قارارلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىمۇ تەس بىر ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن. مەن ئىلگىرىكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە تونۇشلۇق بولمىغان پايدىلىق بىر ئىشتىن باش تارتقانلىقىنى ئەيىبلىمەيمەن، لېكىن بۈگۈنكىدەك ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ توغرا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇرۇنقى زاماندا ئەسقاتقان، ئەمما دەۋرىمىزدە ئەسقاتمايدىغان ۋە مۇستەبىتلىككە سەۋەب بولىدىغان پىكىرلەر ۋە چارە ـ تەدبىرلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغانلىقىنى ئەيىبلەيمەن.

مەن ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىدىغان مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك، دېگەنىدىم. ئەمما، نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تەجرىبىلەردىن ئايدىڭ بولدىكى، ئاممىۋى مەنپەئەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاۋام خەلقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قارار چىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇشى ھەمدە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۈزۈك، ئېنىق ۋە ئۆزئارا ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىشىگە موھتاج. شۇنداقلا، بۇ يەردە نۇرغۇن خەلقئارالىق تەجرىبىلەر بار، بىز تۆۋەندە بەزى تەجرىبىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1) پۇقرالارنىڭ ئاممىۋىي تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ۋە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، مەمۇرىي تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قۇرۇشقا تۆھپە قوشالايدۇ. بەلكىم بۇ جەھەتتە ئاياللار، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەنلەردىن تەركىپ تاپقان پارلامېنتنىڭ بولۇشى پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پارلامېنت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بەرگىنىدەك ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئىقتىدار ئىگىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ياردەم بېرىدۇ.



2) پۇقرالارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ قارار چىقىرىشتىكى سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئۇچۇر ۋە تېخنىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارغا موھتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن تەتقىقاتچىلار، ئاخباراتچىلار، كارخانىچىلار ۋە ۋەتەنداشلارنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىگە بولغان يايماسلىققا تېگىشلىك دۆلەت مەخپىيەتلىكىدىن باشقا ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان قانۇننىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ئائىت چوڭ ئۇچۇرلارنى بەلگىلەش مەسىلىسىنى دۆلەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانغا تاپشۇرۇش لازىم. شۇنىڭدەك، مەخپىي ئۇچۇرلارنى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئاشكارىلاشقا رۇخسەت قىلىدىغان قانۇن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل ئۆتكەن بىر قىسىم مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاش خىزمەتچىلەرنىڭ توغرا قارار چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھەمدە خىزمەتچىلەرنى ھۆكۈمەت چىقارغان قارارنىڭ مۇددىئاسى ۋە سەۋەبىنى ئاشكارىلىغاندا كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن قورقۇتقىلى بولىدۇ.

ھۆكۈمەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزى ئىگە بولغان ئۇچۇرلارنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار ئارىسىدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، تەلەپ قىلىنغان سەممىيەت ۋە سۈزۈكلۈكنى بەرپا قىلىدۇ. نۇرغۇن كارىخانىچىلار ۋە ھۆكۈمەتكە تەۋە چوڭ ھۆددىگەرلەرنىڭ قانۇنسىز يول بىلەن كىچىك سودىگەرلەر ئېرىشەلمەيدىغان مۇھىم ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق زور بايلىق ياراتقانلىقى سىر ئەمەس. بۇ ئادالەتكە زىت ۋە چىرىكلىكنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەسلىكى، ئۇچۇرلاردىن خەلقنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

3) ئورتاق ۋەتەنداشلىق مۇناسىۋىتى پۇقرالارنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن سۇنۇلغان مۇلازىمەتلەرنى باھالاش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، مۇلازىمەتلەرنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ياخشى خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاپ، ناچار ۋە بىپەرۋا خىزمەتچىلەرنى جازالاش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ۋاقتىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بەزى شىركەتلەر ۋە ئاممىۋى ئورگانلار بۈگۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلار تەمىنلىگەن مۇلازىمەتلەرنىڭ سۈپىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئېنىق ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

4) پۇقرالارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىلا تەلەپ قىلىنماستىن،

بەلكى ھوقۇقى تونۇشتۇرۇلىدىغان ۋە ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى ئۆگىتىلىدىغان بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم ھەرقايسى مىنىستىرلىق ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ پۇقرالار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توغرا مۇئامىلە قىلىش قائىدىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىم كەسپىي ئەخلاق، خىزمەتچىلەردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئەڭ توغرا ئورۇندايدىغان ئۇسۇل ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقى - مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوللانما تارقىتىشى بۇ نۇقتىدا ئەڭ پايدىلىق ئىش بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنى تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

5) دۆلەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئورگانلىرى ۋە ھەيئەتلىرىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئېلان قىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتنى ئورۇنداش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈلاتلىرىنى ئىزاھلاش بىلەن بىرگە پاكىز ۋە سۆزۈك ئىش بېجىرىدىغان مىنىستىرلىك ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنى باھالايدىغان ئۆلچەم بېكىتىش كېرەك.

4. بىز ئىلگىرىكى فىقھىي نەزەرىيەسىدىكى رەئىس بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ زور بىر قىسمىنىڭ دۆلەت بىلەن ئۈممەتنىڭ ئىچكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەمدە دىن ۋە دۆلەتنى قوغداشنى مەركەز قىلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ كېڭىيىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئامبىرى

ھالىتىدە ئىكەنلىكى ياكى فەتھى (ئازاد) قىلىنغان رايونلاردا بىخەتەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھالىتىدە ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقنى بىخەتەر ۋە تىنىچ تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە قىلىشنىڭ ھاكىم ۋە ئالىملارنىڭ ئاساسلىق غېمى بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنداقلا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتىنىڭ ھازىرقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكى گويا ھاكىمغا جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتى يۈكلەيدىغان فىقھىي نەزەرىيەسى يوقتەك چۈشەنچە كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما بۈگۈنگە قارايدىغان بولساق، ئىشلار تامامەن ئۆزگەردى، دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەتلەر غايەت زور ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەتكە ئىگە بولدى، ئاۋام خەلق بولسا ھۆكۈمەتتىن تېخىمۇ كۆپ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە بېسىم قىلىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى يۇرت خەلقلىرى دۆلەتنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە مەركىزى دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇنداشنى كۈتىدۇ:

1) ھەر بىر پۇقرانىڭ ئۆزى بىلەن ئىقتىدار ۋە سالاھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولغان يەنە بىر پۇقرا ئېرىشكەن ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىششى ئۈچۈن ئوخشاش پۇرسەت يارىتىپ بېرىش پرىنسىپىنى كېڭەيتىش. شۇنداق بولغاندا، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇق كاپالىتى بولغان ئادىللىقنىڭ

ئەھمىيىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ھالدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. دۆلەت ئۆز تېررىتورىيەسىدە ياشايدىغان ھەممە ئادەمگە ۋەكىللىك قىلالىغاندا، ھەربىر ئاددىي پۇقرانىڭمۇ بۈيۈكلەر ۋە كاتتىلار ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

2) ئەسىرلەر بويى ئۆز ئاھالىسىنى بىر - بىرىگە باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كېلىۋاتقان دۆلەتنىڭ كىملىكى، ئاساسىي قىممەت قاراشلىرى ۋە چوڭقۇر مەدەنىيىتىنى ھىمايە قىلىش، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، دىنىدىن ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىدىغان مەجبۇرىيەت ۋە چەكلىمىلەرنى بىلىش بىلەن تىل، پەزىلەت، قىممەت قاراش ۋە ئاممىۋى ئەخلاقلارنى ھىمايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە قىلچە شەك يوق. مېنىڭچە، بۇ ئىشلارنى ھىمايە قىلىش بۈگۈنكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) پۇقرالارنى ئاساسىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش. مەسىلەن، توك، سۇ ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش، شۇنداقلا مائارىپ ۋە سەھىيە مۇلازىمىتى، ئەڭ مۇھىمى پۇقرالارنى خىزمەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن كۈتۈلۈدىغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئۈچۈن تەربىيەلەش ۋە چېنىقتۇرۇش لازىم.

4) ئوتتۇرھال تەبىقەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى دۆلەتنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى. چۈنكى، ئوتتۇرا تەبىقىدىكى كىشىلەر تارىختىن بىرى ئىجادىيەت ۋە ئۇنىۋېرسال كۈلتۈر ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن. پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرا تەبىقىگە باغلىنىشى ئۇنىڭ ياخشى مائارىپ پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن، شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئېھتىياجلىرىنى بەك جاپا تارتماستىن قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5) دۆلەتتىكى كۈلتۈرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىدارە قىلىش. بۇ تولىمۇ ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت. چۈنكى، مىللەتلەرنىڭ يېرىم ئەسىر ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان شەكىلدە بىر - بىرىگە ئېچىلىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كەلگەن غايەت زور كۈلتۈر ئېقىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان جەمئىيەت ئىدىيەسى ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ تەدرىجىي چېكىنىشىگە ئېلىپ باردى. يەنى، جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىشى تەسەۋۋۇرمۇ قىلىنمايدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇ ئىختىلاپلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناقلىقىغا خەتىرى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سەل قاراش ياكى ئۇنى خاتا ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ خەتىرى تېخىمۇ چوڭ ۋە ئېغىر بولىدۇ. چوڭ دۆلەتلەر ئەۋلادلارنىڭ روھىدا چوڭ ئۇقۇملار ۋە قىممەت قاراشلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى كۈلتۈر، مىللەت، دىن ۋە مەزھەپ پەرقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىلەر ۋە خىرىسلار ھەققىدە ئەركىن مۇنازىرە ئېچىش ئارقىلىق كۆپ خىللىقنى باشقۇرىدۇ.

يېڭى زامان دۆلىتى بىز تىلغا ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاخبارات، مائارىپ، قانۇن چىقىرىش، باج، ھۆكۈمەت تۈزۈملىرى ۋە تەرەققىيات پىلانى ئارقىلىق قىلالايدۇ. ھۆكۈمەتنى سايلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى سايلام

پىروگراممىسى ۋە دۇنيادا ئومۇملاشقان سىياسىي ئەنئەنىلەر، ئىقتىدار ۋە خەلقئارالىق مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت سەۋىيەسى دائىرىسىدە بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئىشلارغا سەل قاراش ھەرقانداق ھۆكۈمەت پاراخوتىنى چۆكتۈرىۋېتىدۇ ياكى غايەت زور مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

5. مەلۇمكى، شەرئەت ئۆلىمالىرى پەرزنى پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. پەرز ئەين ھەربىر شەخس ئۆز ئالدىغا ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشنى، پەرز كۇپايە بىر پۈتۈن ئۇممەت ياكى مەلۇم رايوندا ئولتۇراقلاشقان خەلق ئورۇندىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. پەرز ئەيننىڭ كۆپ قىسمى بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بولىدۇ. مەسىلەن، ناماز ۋە رامىزان قاتارلىقلار. پەرز ئەين بولغان ئىبادەتلەرنىڭ بەزىسى ئاللاھ ۋە بەندىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، زاكات ئىبادەت بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن قىلىنغان ياردەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەرز كۇپايىگە كەلسەك، ئۇنى ئادا قىلىش ئىبادەتتۇر. لېكىن ئۇ ماھىيەتتە ئاممىۋىي ساھەگە تەۋە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاممىۋىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەزىسى بىر شەخسكە مۇناسىۋەتلىكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قارىساق، بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا سالام قىلغاندا، سالامنى ئىلىك ئېلىپ، جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەمما بىر ئادەم كۆپ ئادەمگە سالام قىلغاندا، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش پەرز كۇپايە بولىدۇ. يەنى ھەممە كىشىنىڭ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئارىسىدىن بىر كىشى سالامغا جاۋاب قايتۇرسا، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئادا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىز پەرز كۇپايىنىڭ خاراكتېرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنى ئاممىۋى ھاياتتا ئېنىق بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭ ئورۇندالغان ياكى ئورۇندالمىغانلىقىنى بىلىش ناھايىتى تەس. ئۇ ستاتىستىكا ۋە تەكشۈرۈشكە، شۇنىڭدەك ئىمكانىيەتنىڭ تولۇق بولۇشىغا موھتاج بولىدۇ. ئالايلۇق، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى ئىنتايىن كۆپ خىل. شۇڭا، ئالىملارنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى پەرز كۇپايىنىڭ تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى ياكى مەلۇم دەرىجىگىچە ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

بىز ھەتتا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پەرز كۇپايە ھەربىر كىشىگە ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق مەجبۇرىيەت بولۇپ، مۇسۇلمانلار جامائەتتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، باشقىلاردىن بىھاجەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ۋە يۇمشاق كۈچكە ئىگە قىلىدىغان بارلىق ئىشلار پەرز كۇپايە (كوللېكتىپ مەجبۇرىيەت) بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى قوغداشتا ئادىل ۋە قابىل ھۆكۈمەتكە موھتاج. مۇسۇلمانلاردىن دۇنيانىڭ نەرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھۆكۈمەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەمكارلىشىش تەلەپ

قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە دوختۇر، ئىنژېنېر، تېخنىك خادىملىرى، دېھقانچىلىق ۋە خەلقئارا سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرىغا ئېھتىياج بار. خەلق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلاشقا تىرىشىشى لازىم.

مەن دەيمەنكى، پەرز كۇپايە پەلسەپەسىنىڭ فۇنكسىيەسى ئۈممەتنى ئالغا سىلجىتىش، ئاللاھقا بويسۇنىدىغان دۇنياۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە بارلىق كىشىلەرگە مۇناسىپ تۇرمۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

## مۇلاھىزە

1. پەرز ئەيىندە ئاللاھنىڭ شەرئى مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدىكى خىتابى كۆپ ھاللاردا، مۇسۇلمان شەخسكە قارىتىلغان. ئەمما پەرز كۇپايىدە بولسا، خىتاب جەمئىيەتكە قارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر پەرز كۇپايىنى ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورۇندايغان پەرز ياكى ئىجتىمائىي پەرز دەپ ئاتاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ھۆكۈمەت خەلق تەرىپىدىن ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە دۆلەت بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋەكىل قىلىنغان ئىكەن؛ پەرز كۇپايىلەرنى ئادا قىلىشنى ئىدارە قىلىش، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئادەم ئاجرىتىش، بولۇپمۇ دۇنياۋى مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمام غەزالىي بۇنىڭ ئەكسىچە، پەرز كۇپايىنىڭ رولىنى ئاخىرەت ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويغان: «سودا ـ سېتىق، نىكاھ، دېھقانچىلىق ۋە كىشىلەر موھتاج بولىدىغان ھۈنەر ـ كەسىپلەرگە سەل قاراش تەسەۋۋۇر قىلىنسا، پەرز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۇپايە دائىرىسىگە كىرىپ قالاتتى، لېكىن ئادەم تەبىئىيتى ئۇنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ». ئىمام غەزالىينىڭ سۆزى ئۆتمۈشكە نىسبەتەن توغرا بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئىش ناھايىتى ئايدىڭ ھەم مۇرەككەپ. چۈنكى مەنپەئەتنى ئاساس قىلىش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ مەجبۇرىيىتى بولماقتا. مەسىلەن، ئىش پۇرسىتى يارىتىش، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، پۇل پاخاللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەتتىكى سەھىيە ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ چەتئەلدىن كىرىۋاتقان كۈلتۈرگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بەلگىلەش قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. ئىككىنچى، پەرز كۇپايىنىڭ ۋەزىپىسى پەرز ئەيىنىنى تولۇقلاش ۋە ئۇنى ئورۇنداش جەريانىدا يۈز بېرىپ قالغان يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىشتۇر. ئىمام شاتىبىي بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ: «پەرز ئەيىن پەرز كۇپايە بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ. چۈنكى، پەرز كۇپايە بارلىق خەلقنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتىنى ئورۇنداش دېمەكتۇر» دېگەن.

دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئورۇنداش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بەلكى كىشىلەرنىڭ زېھنىغا كىرىۋالغان شۈبھىلەرنى يوقىتىش ۋە شەرئى ئەھكاملارغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

شەرئەت مال - مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن ھەربىر

شەخستىن مال ـ مۈلۈكنى بۇزۇپ ـ چاچماسلىقنى، ئىسراپ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئەمما بۇ چەكلىمىنىڭ ئۆزىلا مال ـ مۈلۈكنى قوغداشتا يېتەرلىك ئەمەس. بەلكى مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشقا مۇناسىپ مۇھىت بەرپا قىلىش ھەمدە بايلىق توپلاشنىڭ يېڭى مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن، يېڭى يوللار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەسئۇلىيىتى بۈيۈك، چۈنكى ئاممىۋى مۇھىت بەرپا قىلىشقا شەخسلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇڭا، ياخشى ئۇل ـ ئەسلىھە بەرپا قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئاۋامنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس دېگەن قاراش ھەممەيلەننىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلانغان.



3. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرز كۇپايە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە شەھەر تەرەققىياتىغا باغلىق. كىشىلەر قالاق ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلار ھايات قېلىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ ۋە بىرلەمچى ـ ئاساسىي ئېھتىياجغا ئېرىشىشكە ئەڭ بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بۇرۇن پەرز كۇپايىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوبدان بىلەتتى دېيىش توغرا ئەمەس، شۇنداقلا پەرز كۇپايە ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەش كىشىلەرنى ئۇنى ئورۇنداشقا ئۈندەيدۇ، دېيىشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بەلكى بۇ رېئاللىقتىن چەتنىگەن غايىۋى تەسەۋۋۇر. ھالبۇكى، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش كىشىلەرنى ھېچكىم ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ پەرز كۇپايە بولغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

4. ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ زور ئىقتىدارىغا ئاساسەن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق پەرز كۈپايىنى ئورۇنداشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق تەرەپكە كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرالايدۇ. دۆلەتتە ئاممىۋىي ساغلاملىقنى قوغدايدىغان دوختۇرلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بايقىغاندا، تېخىمۇ كۆپ تېببىي مەكتەپلەرنى ئاچالايدۇ. تېخىمۇ كۆپ دوختۇر يېتىشتۈرىدىغان تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئېچىش ئۈچۈن سودىگەرلەرگە يەر ۋە ئۆسۈمسىز قەرز بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا، ھۆكۈمەت ئىختىيارىي پائالىيەتلەرگە، خەير ـ ساخاۋەتكە ۋە پايدا ئېلىشنى نىشان قىلمىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرالايدۇ ھەمدە كىشىلەرنى مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ۋەخپە قىلىشقا ئۈندىيەلەيدۇ.

5. بۇ ھەرگىزمۇ ئاممىۋىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئومۇمىي مۇھىتنى ياخشىلاشتا خىتابنىڭ ھۆكۈمەتكىلا قارىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداق، ھۆكۈمەت پەرز كۈپايىنىڭ ئادا قىلىنىشىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار زېمىندا ئىشلەپ، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئاممىۋىي تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆزگەرتىدىغان كىشىلەر. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي ھەمكارلىققا موھتاج. ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈپتىن ياخشى بولمىسا، بۇ ھەمكارلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئارىسىدىكى

مۇناسىۋەتنىڭ بىز ئۈمىد قىلغاندەك بولۇشى ئۈچۈن، خەلق ھۆكۈمەتنى تالالاش بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەتتىن ھېساب ئالالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇش كېرەك[61].

[61] «پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايىنى تىرىلدۈرۈش» نامىدا ئىنتېرنېتتا نەشر قىلىنغان ماقالىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋەتەنداشلىق دۆلىتى

ۋەتەنداشلىق ۋە ۋەتەنداشلىق دۆلىتى بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي ساھەدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر دۆلەتتە ئومۇملاشقان قانۇن ۋە كۈلتۈر ۋەزىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بارلىق ۋەتەنداشلارنىڭ ھېچقانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىماي، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا (ۋەتەنداشلىق) ۋەتەنداشلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، بىر دۆلەت رامكىسى ئىچىدە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەڭ تۆھپە قوشۇش، ئاممىۋى بايلىق ۋە مىللىي بايلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتا بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسلىدە كىشىلىك ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، يۈز - ئابرۇي، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە باشقا نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەردە پەرقلىق ۋە ئوخشىمايدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، (ۋەتەنداشلىق) سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۇزۇن ۋە جاپالىق كۈرەشنى تەقەززا قىلغان. چۈنكى، بۇ ئورۇننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانۇن - تۈزۈم ۋە ئۆرپ - ئادەتتىن نۇرغۇنلىغان ئەۋزەللىك ۋە ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇ مۇرەككەپ جەريانلار نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى تالاش - تارتىش، كۈرەش، توقۇنۇش

ۋە ئۇرۇشلارغا غەرق قىلغان بولۇپ، ئۇ كۈرەشلەر قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن سىياسىي ۋەتەنداشلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. يەنى سىياسىي ۋەتەنداشلىق دېگەن ھەر خىل سىياسىي مەنسەپلەرگە نامزات بولۇش، پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىش ۋە بېلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشىشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان كۈلتۈر ئېڭىنى ئۆزگەرتىش ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن (ئوتتۇرا تەبىقە) نى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە ۋەتەنداشلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇنلىغان كۈرەشكە شاھىت بولغان. بۇ جەرياندا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ قىممەت ۋە ئەھمىيەت جەھەتتە باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ مەسىلە ئاخبارات ھەرىكىتى ياكى خەلقئارا قانۇنلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىشتىنمۇ بەكرەك مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.



## مەدىنە شەرتنامىسى

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار «مەدىنە شەرتنامىسى» بىر ئورۇنغا ۋە ئۇنىڭدىكى سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئېنىقلىمىغىلارغا تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدىغان ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن دەپ قارايدۇ. «مەدىنە شەرتنامىسى» ئىنسانلارنىڭ دىنىي، ئېتنىك ۋە قەبىلە (مىللىي) ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇقرالار ئارىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ۋە ئالاقىنىڭ تۈرىنى بەلگىلەيدىغان رامكا بولۇپ، سىياسىي ساھەدىكى دەسلەپكى خەلقئارالىق ئۆرنەك سانىلىدۇ. چۈنكى، دۇنيا نەچچە ئون ئەسىر مابەينىدە ئورۇن (ۋەتەن)نى ئاساس قىلىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىدىغان فورمۇلاغا يەتكۈچە نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردى.

« مەدىنە شەرتنامىسى»نىڭ ئاز بىر قىسمى سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقا سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن تەپسىلاتى ئىبنى ئىسھاقنىڭ تارىخ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان. ئىمام زۇھرىيمۇ ئۇنى مۇرسەل يول بىلەن رىۋايەت قىلغان. ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنىڭ نەزەرىيەسى ھەققىدە «مەدىنە شەرتنامىسى»گە ئاساسلانغان ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئىبنى ئىسھاق تەزكىرە ۋە جەڭنامىلەر ساھەسىدە چوڭ ئىمام، ئۇ بىرەر خەۋەرنى ئىنكار قىلماستىن تىلغا ئالغان بولسا، بۇ خەۋەرنىڭ ئىمامنىڭ نەزىرىدە تايىنىشقا بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ». شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىملار ھالال ـ ھارام ۋە قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنىڭ كېلىش يولىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ كېلىش يولىغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «مەدىنە شەرتنامىسى»نىڭ ساغلام ھۆججەت ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغان. جۈملىدىن، مۇھەممەد سادىق ئەرجۇن، مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ ۋە ئەكرەم زىيائۇددىين ئۇمەرى قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ بۇ ھۆججەتكە ئاساسلانغان. مەدىنە شەرتنامىسى ھىجرىيەنىڭ 1-يىلى (622م) يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان

پاكىتلار بار. شەرقشۇناس ئولھاۋسېن ئىبنى ھىشام تارىخ كىتابىدا، ئەبۇ ئۇبەيدە «ئەلئەمۋال» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ھۆججەت تېكىستلىرىنى 47 ماددىغا بۆلگەن، ئاندىن دوكتور مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ ھۆججەتنى تۆرگە ئايرىپ 52 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## مەدىنە شەرتنامىسىدىكى مۇھىم ماددىلار

«مەدىنە شەرتنامىسى» ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن كېيىن، تولۇق رازىمەنلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن ماقۇللانغانلىقى مەلۇم. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار مەدىنە خەلقىنىڭ ھەممىسى بويسۇنىدىغان ئاساسىي قانۇننى يولغا قويغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بۇ ھۆججەتكە كىرگۈزۈلگەن ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ شەرتنامە نۇرغۇن يەھۇدىي قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. چۈنكى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىر سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشالمىغاندەك، مەدىنىدىكى مۇشرىكلارمۇ بىر سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشالمىغان ئىدى.

مانا بۇ مەزكۇر شەرتنامىنىڭ كېلىشىم ۋە توختام ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇ چوقۇم ئېنىق ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇدەك كەڭ دائىرىلىك بولۇشى كېرەك، چۈنكى كىشىلەر سەل قارىلىشقا ياكى چەتكە قېقىلىشقا نارازى بولىدۇ. مەدىنە شەرتنامىسى بولسا، ئاھالىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ئاساسىي قانۇن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇپ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر بىر تور بېكىتى

ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى كېرەك بولاتتى. دۇنيادىكى بارلىق ئاساسىي قانۇنلار كۈچ - قۇدرىتىنى مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچىدىن ئالىدۇ. مىللەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىدى، چۈنكى ئۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغىنى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كۈچ ۋە زومىگەرلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر.

2. شەرتنامىنىڭ مەدىنە ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي بىرلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، شەرتنامىنىڭ 37 ـ ماددىسىدا: «مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار مەدىنىگە تەھدىت سالغان دۈشمەنگە قارشى بىر سەپ بولىدۇ ۋە ئۆز- ئارا ياردەملىشىدۇ. ئۇلار گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئۆز- ئارا ھەمكارلىشىدۇ ۋە بىر - بىرىگە سەممىي بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

40 ـ ماددىسىدا: «قوشنىلار ئۆزىمىزگە ئوخشاش، ئۇلارغا زىيان سېلىنمايدۇ ياكى گۇناھ خاراكتېرىدىكى ئىش سادىر قىلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

44 ـ ماددىسىدا: «مەدىنىنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ئورتاق مۇداپىئە قىلىش» دەپ بەلگىلەنگەن.

38 ـ ماددىسىدا: «يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ھالىتىدىكى ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

شەرتنامىدە مەدىنىنىڭ ئىچكى بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىق مەسىلىسىگە ھەمدە مەدىنە ئاھالىسىنى بىر دۆلەتنىڭ ۋەتەنداشلىرى دېگەن نۇقتىدىن، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشنىڭ

هارام ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ شەرتنامىنىڭ 39 ـ ماددىسىدىكى: «مەدىنىدە كېلىشىم تۈزگەنلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشى هارامدۇر» دېگەن مەزمۇندىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

3. شەرتنامىنىڭ بىر قانچە ماددىسىدىن، مەدىنە خەلقىنىڭ دىنى ۋە كۇلتۇرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى نەزەرگە ئالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، شەرتنامىنىڭ ـ1 ۋە 2 ـ ماددىلىرىدا: «بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ۋە مەككىدىن مۇھاجىر بولۇپ كەلگەن قۇرەيشلىك مۆمىن ـ مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر، ئۇلارغا قوشۇلغانلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە جىھاد قىلغان كىشىلەر ئارىسىدىكى شەرتنامىدۇر، ئۇلار باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن بىر ئۈممەتتۇر» دەپ يېزىلغان.

25 ـ ماددىسىدا: «بەنى ئەۋف يەھۇدىيلىرى مۆمىنلەر بىلەن بىر ئۈممەتتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. زۇلۇم قىلمىسا ياكى گۇناھ ئىش قىلمىسا، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈلۈشكە بولمايدۇ. زالىم پەقەت ئۆزى ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ھالاك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

شەرتنامىدە مەدىنە خەلقى ئۆزئارا چىقىشىپ ياشايدۇ ۋە ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىدۇ، بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشىدۇ، مەدىنە شەھىرىنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن بىرلىكتە قوغدايدۇ، دىنى ۋە قەبىلىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىپ، زالىملارغا قارشى تۇرىدۇ. لېكىن ھەرقايسى دىنغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھۆججەتكە ئىمزا قويغان ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزىگە خاس دىنىي ۋە كۈلتۈر ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھەرقايسى خەلق ئۆز تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەقىدىسىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ زامانىۋى دۆلەتتىكى پۇقرالىق ئەھدىنامىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. شەرتنامىدە: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھدىنامىدىكى تەرەپلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سالاھىيەتلىك شەخس» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شەرتنامىنىڭ 23 ـ ماددىسىدا : «ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ » دېيىلگەن.



بۇ ماددىدا ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، قانۇنىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ شەرىئەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەردە كۆپ خىللىقنىڭ نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، «مەدىنە ۋەسىقىسى» دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان چوڭ نىشان بىرلىكى دائىرىسىدە تۈرلۈك ۋە كۆپ خىل بولۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ۋەتەنداشلىق دۆلىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر ئاساس سالغان.

بۇ ئاساسىي قانۇن، كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى،

ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىچكى تىنچلىق ساھەسىدىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[62].

## بەزى مۇھىم فىقھىي مەسىلىلەر

ھازىرقى دەۋردىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردە ۋەتەنداشلىق دىن، مەزھەپ ۋە ئېتنىك كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق ۋەتەنداشلارنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە ھەرقايسى سەۋىيەدىكى (ئاياللارنىڭ بىۋاسىتە جەڭ قىلىشى دېگەندەك قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) مۇتلەق باراۋەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە سىياسىي مۇتەپەككۇرلار، بولۇپمۇ مۇسۇلمان سىياسىي مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن كرىزىس پەيدا قىلدى. بەلكىم بۇ كرىزىسلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولغانلىرى جىزيە، ئاياللارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشى دېگەندەك مەسىلىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى كىمگە مەنسۇپ؟ دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىگە چەك قويۇش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەندەك فىقھىي مەسىلىلىرىمۇ بۈگۈنكى تالاش - تارتىش قىلىنىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولماقتا.

### بىرىنچى، جىزيە

جىزيە دېگىنىمىز، زىممىيلىق[63] توختامنامىسىدە بەلگىلەنگەن

[62] ئىبنى ھىشامنىڭ «سىيرەت» ناملىق كىتابى، 2 - قىسىم، 501 - بەت.

[63] «ال م » (زىممى) ئەرەب تىلىدا كاپالەت، ئەھدە دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىراۋنىڭ يەنە بىر كىشىگە كاپالەت بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەتتە فىقھى ئىستېمالىدا ئەھلى كىتابقا خاس ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. زىممىيلىق توختامىدا (كاپالەتنامىدا) بەلگىلەنگەن مال «جىزيە» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسۇلمان دۆلىتىدە ياشايدىغان ئەھلى كىتابلار زىممىيلىك ئەھدىنامىسىدە (كاپالەتنامىدە) بەلگىلەنگەن مالنى (جىزيەنى) ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مالىدۇر. زىممىلىق توختامنامىسى دېگەن بەزى كاپىرلارنىڭ جىزيە تۆلەش ۋە توختامنامىدا بەلگىلەنگەن ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش شەرتى بىلەن كۈپىرلىقىنى ساقلاپ قېلىشىنى ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر. فىقھۇشۇناسلارنىڭ تەرىپى بويىچە، جىزيە دېگەن سۆزنىڭ بىر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ زىممىلەرنى يۇرتىمىزدا تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئائىلىسىنى ھىمايە قىلىش بەدىلىگە ئېلىندىغان ھىمايە بېجى. بەزىلەر جىزيە كاپىرلارغا بېرىلگەن جازا دەپ قارىغان.

زىممىلەرگە بەلگىلەنگەن جىزيەنىڭ مىقدارىغا قارىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. زىممىلەرنىڭ بىر يىلدا دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان جىزيەسى بىر دىناردىن تۆت دىنارغىچە، ياكى تۆت دىرھەمدىن قىرىق سەككىز دىرھەمگىچە دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدەك، جىزيە تاپشۇرىدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەشتىمۇ كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى، جىزيە ئۇنى ئادا قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان ھۆر كىشىلەردىن ئېلىنىدۇ. قۇللار، ئاياللار، باللار ۋە ئەقلى ئاجىز كىشىلەردىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇش قىلالايدىغانلار ئەمەس ياكى دەۋرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى تەلەپ قىلىنىدىغان كىشىلەر ئەمەس. جىزيە يەنە ئېغىر كېسەللەردىن، ياشانغانلاردىن ۋە ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەردىنمۇ ئېلىنمايدۇ.

كاپالىتى، يەنى قوغدىشى ئاستىدا بولىدۇ. ئۇلاردىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ساقىت قىلىنىدۇ. بۇنى ھىمايە بەدىلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. (تەرجىماندىن).

فىقھىشۇناسلار جىزيە ئېلىنىدىغان كىشىلەر ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان بولۇپ، بەزىلەر جىزيە ئېلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى تارايتقان، ئاز بىر قىسىم ئالىملار جىزيە ئېلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. مەسىلەن، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا، جىزيە يەھۇدىي، ناسارا ۋە مەجۇسىيلاردىنلا ئېلىنىدۇ. مالىكىي ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا، جىزيە بارلىق كاپىرلاردىن ۋە بۇتدىستلاردىنمۇ ئېلىنىدۇ. قەدىمكى ئالىملار جىزيەنىڭ شەرىئەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغانلىقىنى تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن دەلىللىگەن:

«**قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّىٰ يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَن يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ**» «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ ياۋاشلىق بىلەن كىچىكتۈرمەي جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار»[64].

ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ بىرەر كىشىنى قوشۇنغا ياكى ئەترەتكە باشلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورقۇش ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تاپىلايتتى ۋە: «ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن جىھاد قىل... ئۇلاردىن جىزيە بېرىشنى تەلەپ قىل. ئەگەر ئۇلار قوبۇل قىلسا، ئۇلاردىن جىزيە ئال ۋە ئۇلارغا چېقىلما» دەيتتى[65].

---

[64] تەۋبە سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

[65] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تورى
www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەدە ياشايدىغان مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[66] ۋە فىقھشۇناسلار مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئېلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

دەۋرىمىزدىكى ئۆلىمالارنىڭ جىزيە ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. دەۋرىمىزدىكى بەزى ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىلگىرىكى ئالىملارغا ئوخشاش پىكىردە بولغان، يەنە بەزىلىرى مۇستەقىل ئىجتىھاد قىلىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە پەرقلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. (د.مۇستاپا سىبائىي، د.ئابدۇلكەرىم زەيدان، د.يۈسۈف قەرزاۋىي، د. ۋەھبە زۇھەيلى، د.سۇفى ئەبۇ تالىب ۋە باشقا ئالىملار بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىجتىھاد قىلغان ۋەكىللىك ئۆلىمالار ھېسابلىنىدۇ[67]). ھازىرقى دەۋردىكى فىقھشۇناسلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆز كۆزقاراشلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرقانچە دەلىلنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، جىزيە ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇملاشقان ئۇرۇش كېلىشىمنامىسىنىڭ بىرقىسمى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا، شۇنداقلا بىر دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتتى. بىز تۆۋەندە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بەزى دەلىللەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

د.مۇستاپا سىبائىي باشقا ئۈممەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىسلامنىڭ جىزيە مەسىلىسىدە كەڭ قورساق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىدا، جىزيە ئىسلامدىن



---

[66] بۇخارى رىۋايىتى.

[67] د.ھەمزە ئابدۇلكەرىم ھەمماد، «بۈگۈنكى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى جىزيە»، 13 - بەت.

ئىلگىرى، مەغلۇب بولغانلاردىن ئېلىناتتى، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى دېگەندەكلەرگە، قايسى دىن، قايسى ئېتنىكقا تەۋە ئىكەنلىكىگە قارالمايتتى. ئەمما، ئىسلامدا جىزيە پەقەت مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلغان قەۋملەر ئىچىدىكى جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردىنلا ئېلىنىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغان، دۆلەتكە قارشى تۇرمىغان پۇقرالاردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ.

بىز جىزيە ھەققىدە توختالغان ئايەتكە قارايدىغان بولساق، ئايەتتە جىزيەنى ئەھلى كىتاب بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرۇشنىڭ غايىسى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ بارلىق ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىم ئەمەس، بەلكى بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، بىزگە قورال كۆتۈرگەن ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلگەن ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز. ئايەتتە بۇ نۇقتىلار ئېنىق بايان قىلىنغان: «**وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا ۚ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ**» «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[68].

جىزيە ھەققىدىكى ئايەتتە، جىزيەنىڭ پەقەت بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلالايدىغان كىشىلەردىن ئېلىنىدىغانلىقى، بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشنى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان: «**لَّا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَارِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ**

[68] بەقەر سۈرىسى، 190 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَىٰ إِخْرَاجِكُمْ أَن تَوَلَّوْهُمْ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾، «سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر»[69].

مۇسۇلمانلار بىلەن بىر دۆلەتتە ياشايدىغان ئەھلى كىتابلارنى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەتكە ساداقەتمەن بولغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىق توغرىسىدا شەك يوق. شۇڭا، غەلىبىدىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ مېۋىسى دەپ قارالغان جىزيەنىمۇ ئۇلارنىڭ گەدىنىگە يۈكلەشكە بولمايدۇ. دوكتور مۇستەپا سىبائىي ئىسلام فەتھىسىدىن كېيىن، زىممىلەردىن ئەسىرلەر بويى ئېلىنغان جىزيە مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ مەسىلىدە ئىسلام دىنىنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق، بەلكى مەسئۇلىيەت مۇسۇلمان ھاكىملار ۋە ئەمىرلەردە. بىز بۇ يەردە ئىسلامدىكى جىزيە نىزامى ھەققىدە توختالدۇق، ئىسلام دۆلىتىدىكى جىزيەنىڭ تارىخى ھەققىدە توختالمىدۇق» دېگەن[70].

دوكتور سىبائىينىڭ قارىشىچە، جىزيە مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنىڭ نەتىجىسىدە تۈزۈلگەن توختامنىڭ بىر

[69] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
[70] د.مۇستاپا سىبائى، «ئىسلامدىكى تىنچلىق ۋە ئۇرۇش تۈزۈمى»، 11 ـ بەت.

قىسـمى بولـۇپ، جىزيەنىـڭ ئىسـلامىي دۆلەتلـەردە دائىملىـق قانـۇن سـۈپىتىدە يولغـا قويۇلۇشـى توغـرا ئەمـەس.

هازىرقـى دەۋردىكـى كۆپلىگـەن تەتقىقاتچىـلار دوكتـور مۇسـتاپا سـىبائىينىڭ پىكرىنـى قوللىغـان ۋە بىـر قانچىلىغـان دەلىللىـ ئوتتۇرىغـا قويغـان. دوكتـور ئابدۇلكەرىـم زەيـدان ئەنـە شـۇ ئالىملارنىـڭ بىرى بولـۇپ، ئـۇ: «جىزيە زىممىيلەرنـى قوغداش ۋە مۇداپىئـە قىلىـش بەدىلىگـە ئېلىنىـدۇ» دەپ قارىغـان. دەۋرىمىزدە زىممىيلـەر ۋە ئۇلاردىـن باشـقا كىشـىلەرمۇ مۇسـۇلمانلار بىلـەن بىرلىكتـە دۆلەتنـى قوغداشـقا قاتنىشـىدىغان بولـدى، شـۇڭا، ئۇلاردىـن جىزيـە ئالماسـلىق ياكـى جىزيەنـى كەچـۈرۈم قىلىـش كېـرەك. تارىختـا قارايدىغـان بولسـاق، جىزيەنىـڭ مۇسـۇلمانلار بىلـەن بىرلىكتـە جەڭگـە قاتناشـقان ياكـى مۇسـۇلمانلار قوشـۇنىغا خىزمـەت قىلغـان بـەزى زىممىيلەردىـن كەچـۈرۈم قىلىنغانلىقىنـى كۆرۈۋالغىلـى بولىـدۇ. مەسـىلەن:

هەزرىتـى ئۆمـەر ئىبنـى خەتتابنىـڭ دەۋرىـدە، پارىـس يۇرتلىرىدىكـى مۇسـۇلمانلار قوشـۇنىنىڭ قوماندانـى بولغـان سـۇۋەيد بىـن مەقرىـن دېگـەن كىشـى جۇرجـان پادىشـاھىغا: «سـىلەردىن كىـم بىزگـە يـاردەم بەرسـە، ئۇنـى مۇكاپاتـلاش يۈزىسـىدىن ئۇنىـڭ ئۈسـتىدىكى بـەزى مەجبۇرىيەتلـەر كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ» دەپ مەكتـۇپ يازغـان. مۇشـۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىـر قىسـىم مەكتۇپلارمۇ بـار. بەلكـى، بـۇ ھەقتـە بـەزى شـەرئى ئالىمـلار تەرىپىدىنمـۇ مۇقەررەرلەشـتۈرۈلگەن بولـۇپ، ۋەكـى سـۇپيان بىـن جابىردىـن رىۋايـەت قىلغـان بىـر خـەۋەردە مۇنـداق دەيـدۇ: «مـەن شـەئبىيدىن: ‹مۇسـۇلمانلار ئەھلى كىتـاب بىلـەن

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە غازاتقا چىقامدۇ؟> دەپ سورىغانىدىم. شەئبى: <مەن فەقەت ئىماملار ۋە باشقا ساھەدىكىلەرنىڭ زىممىيلار بىلەن بىللە غازات قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە زىممىيلاردىن جىزيەنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى بىلمەن> دەپ جاۋاب بەرگەن»[71].

بۇلاردىن مەلۇمكى، جىزيە زىممىيلىك توختامنامىسى ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ئۇنى زىممىيلاردىن ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بىرەر سەۋەب بىلەن كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ.

قانۇنشۇناس ئالىم دوكتور مۇھەممەد سەلىم ئەۋۋا يۇقىرىقىلارغا قوشۇمچە قىلىپ: «زىممىيلىق توختامى ئۇنى ئىمزالىغان دۆلەتنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن تەڭ يوق بولىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلامىي دۆلەتلەر يەر شارىنىڭ نەرىدە بولسۇن، زىممىيلىق توختاملىرىنى ئىمزالىغان ئىلگىرىكى ئىسلامىي دۆلەتلەرنىڭ ۋارىسى ئەمەس، ئىلگىرىكى دۆلەتلەر مۇستەملىكە ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى، ئۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدى ۋە قانۇنىمۇ ئۆزگەرتىلدى» دېگەن.

ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: «ھازىرقى دەۋردە دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى ئىلگىرىكىدىن ئۆزگىرىپ، ئىجتىمائىي توختامنىڭ بىر تۈرىگە ئايلاندى. ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلار بۇ ھەقتە توختالمىغان بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غەلىبە قىلغۇچىنىڭ غەلىبىسى، مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلاتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەۋجۇت دۆلەتنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتە



[71] د. ئابدۇلكەرىم زەيدان، «ئىسلام دۆلىتىدىكى جىزيە ئۇقۇمى»، 15 ـ بەت.

باراۋەرلىكىنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي مەنىدىكى شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ» دېگەن[72].

دوكتور مۇھەممەد زۇھەيلىينىڭ بۇ مەسىلىدە، دەۋرىمىزدىكى باشقا فىقھشۇناسلاردىن پەرقلىق پىكرى بار. ئۇنىڭ قارىشىدا، دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى تەرتىپكە سالىدىغان تۈزۈم ۋە ئاساسلار ئۆزگەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ھالەتنىڭ پەرقىنى ئايرىتىش كېرەك:

بىرىنچى: دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە تالاش ـ تارتىش ئاخىرلاشقانىكەن، زىممىلىق توختامنامىسىنى خەلقئارا سەۋىيەدە تەتبىقلاشنىڭ ھېچقانداق ئورنى قالمىدى.

ئىككىنچى: زىممىلىق توختامنامىسىنى تەتبىقلاش ۋە دۆلەتتە ياشايدىغان ۋەتەنداشلارغا جىزىيە بەلگىلەشتە، ھېچقانداق مۇشكۈلات يوق. جىزىيە دۆلەتتىكى مەلۇم كىشىلەر تۆلىيدىغان بەلگىلەنگەن باجدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى دۆلەتنىڭ چىقىمىنى قامداشقا ھەسسە قوشىدۇ.

دوكتور مۇھەممەد زۇھەيلىينىڭ پىكرى مۇستاپا سىبائىينىڭ: «زىممىلىق توختامى ئۇرۇش ئاخىرلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ۋەتەنداشلارغا جىزىيە بەلگىلەشكە بولمايدۇ» دېگەن پىكرىگە زىت.

يۇقىرىقى قاراشلارغا قوشۇمچە زامانىمىزدىكى بەزى فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدا، بۈگۈنكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەت «ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش» ئاساسىغا

[72] د. مۇھەممەد سەلىم ئەۋۋا، «دىن ۋە ۋەتەن ئۈچۈن»، 27 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورۇلغان. ئەگەر ئىسلامىي دۆلەت ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس ۋەتەنداشلاردىن جىزيە ئالسا، باشقا دۆلەتلەرمۇ ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمانلاردىن جىزيە ئېلىش ياكى جىزيە مەسىلىسىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا كۆپ ئەزىيەت بېرىشى ۋە ئىسلامنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىشى مۇمكىن. ھەممىگە ئايانكى، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلمايدىغان رايونلاردا ياشايدۇ[73].

دوكتور يۈسۈف قەرزاۋىينىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى باشقا ئۆلىمالارنىڭ پىكرىدىن بەك يىراق ئەمەس. ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئىختىلاپىنى قايرىپ قويۇپ، جىزيەگە كەسكىن نۇقتىدىن قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، جىزيە ئۇرۇشنىڭ غايىسى (يەنى بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامىي دۆلەتتە ياشاۋاتقان زىممىيلەرگە جىزيە بەلگىلەنمەيدۇ). يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىزيە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولغان جىھادنىڭ بەدىلىدۇر. جىھاد بولسا دىنىي ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب قىلغان ئىبادەتلەرنى ۋاجىب قىلمىغان.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدا، زىممىيلەر دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشسا، ئۇنىڭ گەدىنىدىن جىزيە ساقىت

[73] ئىلگىرىكى مەنبە.

بولىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن بارلىق ۋەتەنداشلارغا ئوخشاش تەتبىقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە جىزيە ئىسمى بىلەن ياكى باشقا ئىسىم بىلەن پۇل تۆلەيدىغانغا سەۋەب قالمىدى»[74].

**خۇلاسە**

ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەتەنداشلىق ۋە جىزيە مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي نەزەرىيە ئىسلام ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كۈچلۈك ھەم دۆلەت ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان بىر پەيىتتە ئىشقا ئاشقانىدى.

ھەممىگە ئايانكى، جىددىيلىك، ئەندىشە، گۇمان ۋە قورقۇش دېگەندەك ئىشلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۇرۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشلاردا كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ توقۇنۇش بىر ۋەتەن، بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىدا يۈز بەرگەندە، ئۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى فىقھشۇناسلار جىزيەنى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىپ، ئىسلامنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، زېمىندا ۋە رەقىبلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىسلامنىڭ تەسىر كۈچىنى نامايان قىلىدىغان ئومۇمىي پرىنسىپ سۈپىتىدە يولغا قويۇلىدىغانلىقىدا باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ.

(ئىلگىرىكى نەزەرىيە ئىسلام دۆلىتى كۈچلۈك ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا) بۈگۈنكى دەۋردە ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان جىزيەگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي

[74] د. يۈسۈپ قەرزاۋى، «دىن ۋە سىياسەت»، 183 ۋە ـ184 بەتلەرگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەزەرىيە ياۋروپا ئەللىرى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلغان، ئۇممەتنىڭ ھاكىملىرىمۇ، ئاۋام خەلقمۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىزىيە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى، ئەمەلىيەتتە، چارە ئىزدەۋاتقان قىيىنچىلىقتا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خۇسۇسەن، مەن جىزىيە مەسىلىسىدە دەۋرىمىزدىكى ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. سىياسىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خەلقئارا قائىدە ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتتە ئەڭ روشەن نامايان بولىدۇ. خەلقئارا قائىدە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ئالاقىسى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنىڭ مەنتىقىسىگە ئاساسلانغان دۇنيادا ئومۇملاشقان خەلقئارالىق مالىيە تۈزۈمى ئىنتايىن كۆپ تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كىرىم ۋە دەسمايىدىن ئېلىنىدىغان باج ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستېمىغا بويسۇنىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، مۇسۇلمان دۆلىتىدە ئولتۇراقلاشقان زىممىي ياكى مۇسۇلمان ئەمەس ۋەتەنداشتىن يىلدا ئېلىنىدىغان جىزىيەنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز. (ئەللىك دىرھەم ئەتراپىدا باج ئېلىش ئىنتايىن ئاز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) چۈنكى، بەزى خادىملار دۆلەتكە بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ باج تاپشۇرىدۇ.

بەزى خەلىپىلەر ۋە قوماندانلارنىڭ زىممىيلاردىن جىزىيە

ئۇرنىغا ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى دېگەندەك باشقا نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن مەلۇمكى، ئەمەلىيەتتە جىزىيە زىممىيلارنىڭ دۆلەتكە بويسۇنۇپ، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر توپقا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭغا جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ زۇلۇم قىلىندىم ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرىم دەخلىي ـ تەرۇزگە ئۇچرىدى دەپ ئويلاپ، جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان پىسخىكا يېتىلدۈرۈۋالىدۇ ۋە ئاسانلا دۈشمەنلەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ، دۆلەتكە ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

## ئىككىنچى، ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى

ئاياللار مەسىلىسى تارىختىن بىرى خىلمۇخىل جەمئىيەتلەردە نۇرغۇنلىغان تالاش ـ تارتىش قوزغىغان چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەر ـ ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى جىنسقا بۆلۈنۈشى بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئالاھىدە بۆلۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىختىلاپ، پەرق ۋە گورۇھلىشىش پەيدا بولغان. ئاياللار مەسىلىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا خەلقنى قارشىلىششقا چاقىرىدىغان سىرلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپىنچە خەلقلەر ئاياللارنى ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچىلار دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە قىلىپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىز قەدىمكى ئۆلىمالارنىڭ ئاياللارنىڭ خەلىپىلىك ياكى ئىمالىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇشى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك، ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ بۇ مەنسەپكە ئولتۇرۇشىنى چەكلەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلار خەلىپە بولغۇچى ئۆزىدە ھازىرلىشى كېرەك بولغان بىر قاتار شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، خەلىپىنىڭ ئەركەك بولۇشى ئەنە شۇ شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىبنى ھەزم ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇشى بارلىق ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى نەقىل قىلىپ: «قىبلە ئەھلىنىڭ ھېچقايسىسى ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇشىغا يول قويمايدۇ» دېگەن. قۇرتۇبىمۇ فىقھشۇناسلار ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان مەسىلىلەردە، ئۇلارنىڭ قازى بولۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى چەكلىنىدۇ، دەپ ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلغان.



### 1. ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇشى جائىز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى

ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇشىنى چەكلەيدىغان ئالىملار بىرقانچە دەلىلنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرى بۇ ئايەتتۇر: «**الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَبِمَا أَنفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ** «ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرغۇچىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى ئۇلارغا سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر»[75].

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بۇ ئايەت ئەرلەرنى ئاياللارغا ئائىلە ئىچىدە ھامىي قىلغان. ئۇنداقتا، ئاياللارنىڭ رەئىسلىك،

[75] نىسا سۈرىسى، 34 ـ ئايەت.

پارلامېنت باشلىقى ۋە مىنىستىر بولۇش دېگەندەك ئىشلىدىنمۇ چوڭ بولغان ئىشلاردا ئەرلەرگە ھامىي بولۇشى تېخىمۇ جائىز ئەمەس.

ئۇلار يەنە كىسرانىڭ قىزى پارىسلارغا پادىشاھ بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئاياللار باش بولغان مىللەت نىجات تاپالمايدۇ»[76] دېگەنلىكىنى دەلىل قىلغان. يەنى ئاياللار باش بولغان قەۋم ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ ۋە خەلقىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

شۇنداقلا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ، ساھابىلەرنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئاياللارنى خەلىپىلىكتىن تۈۋەن تۇرىدىغان ھېچقانداق چوڭ مەنسەپلەرگە قويمىغانلىقىنى دەلىل قىلغان.

ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇشىنى چەكلەيدىغانلارنىڭ يەنە بىر چوڭ دەلىلى شۇكى، خەلىپىلىك مەنسىپى ئاياللارنى سەپەرگە چىقىشقا ۋە ئۆيىدىن چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاياللار ئۆيىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. شۇنداقلا، بۇ مەنسەپ ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا، ئارىلىشىشقا ۋە تەڭ دەرىجىلىكلەرنىڭ سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ئىشلار شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، پىتنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

ئۇلار يەنە: «ئىلگىرىكى ئالىملار ئاياللارنىڭ ئەقلىدىن ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغانلىقى، ھاياتلىق تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى، خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە پەم - پاراستىنىڭ تۆۋەنلىكى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن، خەلىپە بولۇشى جائىز

[76] بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمەس، دەپ بىرلىككە كەلگەنلىكى ئاياللارنىڭ بۇ مەنسەپكە لايىق ئەمەسلىكىنىڭ روشەن دەلىلى» دېيىشىدۇ.

### 2. هازىرقى دەۋر ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى

هازىرقى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، خەلىپىلىك مەنسىپى نەزەرىيەسىنىڭ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى كۈچلۈك هالدا ئۆزىگە تارتمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئەللىكتىن ئارتۇق ئىسلامىي دۆلەتتە ياشايدىغانلىقى ۋە ئۈممەتنىڭ بىرقىسمى باشقا دۆلەتلەردە ئاز سانلىقلار ياكى كۆچمەنلەر نامىدا ياشايدىغانلىقى ئوچۇق بىر رېئاللىق. ئەللىك نەچچە دۆلەتنىڭ بىر خەلىپە ئاستىدا بىرلىشىشى ھەممەيلەننىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا مۇمكىنلىك دائىرىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا بىرقانچە ئەسىرگە سوزۇلىشىمۇ مۇمكىن.

شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندىكى ئاساسلىق پىكىر ئوخشىماسلىقى خەلىپىنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى دۆلەت رەئىسى بولىدىغان كىشىنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە بولۇۋاتماقتا. بىز دۆلەت رەئىسىنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىكى هازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قارىساق، بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ ئەر ۋە ئايال دەپ پەرقلەندۈرمىگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، دوكتور مۇستاپا سىبائىي ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سۈرىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈش مۇزاكىرىسىنى قىلغاندا: «ئاساسىي قانۇندا دۆلەت دىنىنىڭ ئىسلام دىنى دەپ بەلگىلىنىشى ئەڭ مۇھىم. ئەمما رەئىسلىك مەنسىپىگە ئولتۇرىدىغان كىشىنىڭ سالاھىيىتىگە كەلسەك، ئۇنى شۇ

دۆلەتتە ياشايدىغان قانداق بىر كىشى ئۈستىگە ئالسا، جائىز بولىدۇ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بۇ مەسىلىدە باراۋەر» دېگەن. شەيخ مۇھەممەد غەزالىي، دوكتور يۈسۈپ قەرزاۋى، دوكتور مۇھەممەد سەلىم ئەۋۋا، دوكتورمۇھەممەد ئەممارە، ئۇستاز راشىد غەننۇشىي ۋە باشقا ئالىملارمۇ دوكتور مۇستاپا سىبائىي بىلەن ئوخشاش قاراشتا.

### *3. جائىز دەپ قارىغۇچىلارنىڭ دەلىلى*

1) ئاياللارنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشىنى چەكلەش ھەققىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئۇقۇمى زاننى (كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە) ھەم ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۇ ئەر ـ ئاياللارنى باراۋەر قىلغان ھۆججەتلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشمىزنى يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلالمايدۇ. ئاللاھ ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدا: «**وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ ۚ أُولَٰئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللَّهُ ۗ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ**»، «مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[77].

رەسۇلۇللاھ: «ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىمىدۇر»[78] دېگەن.

[77] تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت.

[78] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قارايدىغان بولساق، ئەر ۋە ئايال باراۋەر. شەرئەت تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنمىغان بولسىلا، ئۇلار بارلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە دۆلەت رەئىسلىكىگە ئەرلەر سالاھىيەتلىك، ئاياللارنىڭ ئۇنداق سالاھىيىتى يوق دەپ كۆرسىتىلگەن بىرەر دەلىل - پاكىت يوق.

2) ئاياللارنىڭ رەئىس بولۇشىنى چەكلىگۈچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئايال كىشى يېتەكچىلىك قىلغان قەۋم ئۇتۇق قازىنالمايدۇ»[79] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەلىل ئورنىغا چۈشمىگەن. چۈنكى، ھەدىسنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، ئۇ كىسرا ئىمپېرىيەسىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. دېمەككى، ھەدىس رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان شەرئى ھۆكۈمنى بايان قىلمىغان.

3) ئاياللارنىڭ رەئىس بولۇشى ياكى بولماسلىقى دىندىكى قەتئىي ۋە ئۆزگەرمەس مەسىلىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ (كۆپلىگەن سىياسىي ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئوخشاش) شەرئى مەنپەئەت ۋە پايدا - زىيان ئاساسىدا دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش دائىرىسىگە تەۋە ئىش دەپ قارىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئادالىتى، پاكلىقى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا قادىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بۇ مەنسەپتىن يىراقلاشتۇرۇشقا

[79] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بولمايدۇ. دەۋرىمىزدە، كۆپىنچە ئاياللار ئۆزلىرى تەۋە بولغان سىياسىي پارتىيەنىڭ مەنسۇپلىرىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۈتۈق قازانغان ھەم سىياسىي ئىشلاردا ئەرلەردىنمۇ قابىللىقىنى ئىسپاتلىغان.

4) ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلارنىڭ ئاياللارنى رەئىسلىك مەنسىپىدىن چەكلىگەنلىكى نۆۋەتتىكى سىياسىي شارائىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. رەئىسلىك ۋەزىپىسى بۈگۈنكى كۈندە بىر رايوننىڭ باشلىقلىقىغا ئوخشاپ قالدى، شۇڭا كىسرانىڭ قىزى ھەققىدە دېيىلگەن ھەدىس ۋە ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلارنىڭ ئاياللارنى مەنسەپ تۇتۇشتىن چەكلەش ھەققىدىكى پەتىۋالىرىمۇ خەلىپىلىك مەنسىپىگە قارىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلگىرىكى كۆپلىگەن فىقھشۇناسلار ئاياللارنىڭ باش مىنىستىرلىك ۋە ئىجرائىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشىنىمۇ چەكلىگەن.

5) ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى خەلىپە ياكى ۋەزىرنىڭ شەخسىيىتىگە مەركەزلەشكەن. ئەمما بۇ مەسىلە بۈگۈنكى كۈندە تامامەن ئۆزگەردى، چۈنكى رەئىس ياكى باش مىنىستىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىدارە قىلىشقا تولۇق ئىگە بولالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە، كۈچ، ھوقۇق ۋە سالاھىيەتلەر جۇمھۇر رەئىس، پارلامېنت، خەلق ۋەكىللىرى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسى دېگەندەك بىرقانچىلىغان سىياسىي ئورگانلارغا تەقسىم قىلىندى . شۇنداقلا مەسلىھەتچىلەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا كۆرۈنەرلىك رولى بار. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ تەپسىلىي نىزامى ۋە سالاھىيەت ـ مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى روشەن بايانلار دۆلەت رەئىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئېلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە كىچىكلەتكەن.

6) ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىنى جائىز دەپ قارىغان ئالىملار جائىز دەپ قارىمايدىغان ئالىملاردىن مۇنداق سوئال سورايدۇ: «جائىز ئەمەسلىكى ئەقلىي سەۋەبتىنمۇ ياكى شەرئى تەرەپتىنمۇ؟». بۇ سوئال ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى مەسىلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ناۋادا چەكلىمىنىڭ سەۋەبى ئەقلىي بولسا، ئۇ ھالدا ئېلگىرى بار بولغان سەۋەب ھازىرمۇ بارمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىگە قايتا قاراپ چىقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئىككى مەسىلىدە چەكلىمە ئەقلىي سەۋەبتىن يولغا قويۇلغان. ئاياللارنى رەئىس بولۇشتىن چەكلەشكە كەلسەك، ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇمۇمنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىشتا تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىلەن بىرگە، ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئەرلەرگە ئارىلىشىش، سۆھبەتلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە سەپەر قىلىش دېگەندەك سەۋەبلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ۋە زىيانلىق ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئېنىق.

ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنى چەكلەشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى پىتنىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتۇر. ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنى جائىز دەپ قارىغان ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى كۈندىكى ئاياللار ئوقۇپ، كۆپلىگەن تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. بۈگۈنكى دۇنيادا

يىگىرمىگە يېقىن ئاياللار ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتە رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى تالانتىنى نامايان قىلدى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىمىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[80].

ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن:

بىز دۇنيادا سىياسىي ساھەدە ياكى شىركەت ۋە ئىدارە ـ ئورگانلاردا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان ئاياللارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ خەلقئارالىق ئەنئەنىۋى كۈلتۈرنىڭ تەسىرى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللارنىڭ ئامىۋى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە چوڭ شىركەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتا ئىشەنچىنى تۆۋەنلىتىدىغان بىر قىسىم تەجرىبىلەرنىڭ توپلانغانلىقى سەۋەبتۇر. لېكىن بۇ تەجرىبىنى قولغا كېلىدىغان پايدا ـ زىيانغا قارىماستىن، بارلىق ئاياللارغا ئومۇمىي دەپ قاراش دانالىق ئەمەس. قارايدىغان بولساق، ئەرلەردىمۇ ۋالىيلىققا يارىمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. بۇ نىسبەت ئاياللاردا بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى بارلىق ئاياللارغا ئومۇملاشتۇرماسلىق كېرەك.

بەزى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، چوڭ شىركەتلەردە لىدىرلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان ئاياللار ئەرلەرنىڭ 20%گە توغرا كېلىدۇ ۋە بۇ نىسبەت ئۆزلۈكسىز ئۆرلەۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن، مەن ئاياللار ئەسلىدە رەئىسلىك مەنسىپىنى تۇتماسلىق كېرەك، لېكىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئىمكانىيەت ھازىرلانغاندا،

[80] «سىياسىي نەزەرىيەلەر»، ـ295 بەت؛ «دىن ۋە سىياسەت»، ـ197 بەتكە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تورى

ئايال كىشى رىقابەتچىلەر ئارىسىدا ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە قابىل ۋە ئىقتىدارلىق بولسا، ئۇنى رەئىسلىك مەنسىپىدىن چەكلەيدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق. چۈنكى، بۇ مەسىلە ئۈممەتنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر، دەپ قارايمەن.

ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىدە ئاياللارنىڭ شەخسىيتى ھەققىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك ئاياللار مەيلى قانداق مەنسەپتە ئولتۇرسۇن، ئائىلىسى ۋە باللىرىنىڭ ئىشلىرىغا سەل قارىماسلىقى شەرت قىلىنىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، كاپىرلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى

ئىلگىرىكى ئالىملار كاپىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولسا بولمايدۇ، دېگەندە، خەلىپىلىك ياكى چوڭ ئىمامىلىقنى كۆزدە تۇتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇشى جائىز ئەمەس دەپ قارىغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلارغا ھاكىم بولغان كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، دۇنيانى دىن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتۇر. دېمەك، خەلىپىلىك پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى، ئۇ ھەرگىزمۇ پەقەت ئىشلارنىلا ئىدارە قىلىدىغان ئاددىيلا بىر ۋەزىپە ئەمەس. قازى ئىياز: «ئالىملار خەلىپىلىك مەنسىپى كاپىرغا بېرىلمەيدۇ . ناۋادا خەلىپە كاپىر بولۇپ كەتسە، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا، ناماز ۋە نامازغا دەۋەت قىلىشنى تەرك ئەتسىمۇ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە ئىجما كەلگەن» دېگەن.

فىقھشۇناسلار بۇ كۆزقاراشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن.

1. ئاللاھنىڭ سۆزى: «**الَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمْ فَإِن كَانَ لَكُمْ فَتْحٌ مِّنَ اللَّهِ قَالُوا أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ وَإِن كَانَ لِلْكَافِرِينَ نَصِيبٌ قَالُوا أَلَمْ نَسْتَحْوِذْ عَلَيْكُمْ وَنَمْنَعْكُم مِّنَ الْمُؤْمِنِينَ ۚ فَاللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلَن يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا**» «مۇناپىقلار سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: ‹بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كافىرلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)› دەيدۇ. ئەگەر كافىرلار زەپەر قۇچسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): ‹بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب كەلگەن تۇرۇپ، سىلەرنى مۆمىنلەردىن قوغدىمىدۇقمۇ؟› دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ»[81].

2. ئاللاھنىڭ سۆزى: «**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنكُمْ ۖ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا**»، «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە) مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[82].

[81] نىسا سۈرىسى، 141_ ئايەت.

[82] نىسا سۈرىسى، 59 _ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

3. ئۆلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ۋە ئوچۇق دەلىلى ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ھەدىسىدۇر. ئۇبادە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزنى بەيئەتكە چاقىرغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزدىن مەيلى روھلۇق بولايلى، روھسىز بولايلى، قىيىن بولسۇن، ئاسان بولسۇن ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت ئالدى. ئاندىن يەنە: ‹ئەگەر سىلەر ھاكىمدا ئوچۇق بىرەر كۇپىرلىقنى كۆرسەڭلار ۋە قىشىڭلاردا ئاللاھ تەرىپىدىن ئىسپات بولسا، ئۇ ھالدا ئەمرگە قارشى چىقساڭلار بولىدۇ› دېگەن»[83].

بىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ كۆز - قاراشلىرى ھەققىدە كۆپ توختالمايمىز، ئۇ ناھايىتى روشەن.

ئەمما ھازىرقى زامان ئالىملىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىلگىرىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى بويىچە كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان دۆلىتىگە رەئىس بولۇشىنى جائىز ئەمەس دەپ قارىغان ھەمدە ئۇلار خەلىپە، رەئىس، باش مىنىستىر، مىنىستىر دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى ئايرىپ ئولتۇرمىغان. يەنى ئۇلارنىڭ قارشى بويىچە، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان دۆلىتىدە بۇ مەنسەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئولتۇرۇشى جائىز ئەمەس.

ئۇلار ئىلگىرىكى دەلىللەردىن سىرت، يەنە مۇنداق دەلىلنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دۆلەت رەئىسىنىڭ مۇئەييەن دىنغا ياكى كۆپ سانلىق خەلقنىڭ دىنىغا تەۋە بولۇشى ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسىي قانۇنلاردا ھەممىگە تونۇشلۇق ئىش. مەسىلەن،

[83] مۇسلىم رىۋايىتى.

گرېتسىيە، ئىسپانىيە، دانىيە، شۋېتسارىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر دۆلەت دىنىنى ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق تىلغا ئالغان.

دەۋرىمىزدىكى بەزى ئالىملار، بىرقانچىلىغان كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچىلىرى ۋە سىياسىي مۇتەپەككۇرلار كاپىرلارنىڭ دۆلەت رەئىسى، باش مىنىستىرلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مىنىستىرلىكلەردە ۋەزىپە تۇتۇشىنى جائىز دەپ قارىغان ۋە تۆۋەندىكى دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. ئىسلام فىقھىسى ئىسلام ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن، ئىمپېراتورلۇقتا ھوقۇق ئىمپىراتورنىڭ قولىغا مەركەزلىشەتتى. بۈگۈنكى چاغداش دۆلەتتە بولسا، دۆلەت بىرقانچە مۇئەسسەسەدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر مۇئەسسەسەنىڭ قولىدا مەلۇم دەرىجىدە ھوقۇق بولىدۇ. بۇ ئالىملار ئاياللارنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشى ھەققىدىكى دەلىللەرنىمۇ بۇ ئورۇندا تىلغا ئالغان.

2. ئىمپېراتورلۇق ئادەتتە پەتىھى، غەلىبە قانۇنى ۋە ئەقىدە قېرىنداشلىقىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرەر قېتىممۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغان ۋەتەنداشلارنىڭ ئارىسىدا باراۋەرلىك يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاھالىرى بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاھالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پەرقلىق.

3. بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي تۈزۈلمە بىلەن پۇقرالارنىڭ ئارىسىنى رەتكە سالىدىغان ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىن، ئىتنىڭ ياكى مەزھەپكە تايانمايدۇ، بەلكى جۇغراپىيەگە ئاساسلىنىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر دۆلەتنىڭ مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك چېگراسى بار، بۇ مەدىنە شەرتنامىسىنىڭ روھىغا تامامەن ئۇيغۇن.

4. بۈگۈنكى كۈندە ئومۇملاشقان ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقلىق. مەسىلەن، پارلامېنتلىق تۈزۈمدە دۆلەت رەئىسىنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق باش مىنىستىرنىڭ قولىدا بولىدۇ، باش مىنىستىرنىڭ ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن چەكلىمە ئىچىگە ئېلىنىپ تۇرىدۇ. پارلامېنتنىڭ ئۇنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، بەزى رەئىسلىك ۋە مىنىستىرلىك پەرمانلىرىنى توختىتىپ قويۇش ھوقۇقى بار. بۇ نۇقتىدىن، كاپىرنىڭ مۇسۇلمان دۆلەتتە رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئۆتۈشى قورقۇنۇچلۇق ئىش ئەمەس.

5. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت رەئىسلىكى دىنىي مەنسەپ ئەمەس، چۈنكى دۆلەت رەئىسى جۈمە خۇتبىسى ئوقۇمايدۇ، پەتىۋا چىقارمايدۇ، ئەمرىمەرۇپ قىلمايدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاس ئورگانلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بولۇپ، ئۇ خۇددى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى دوختۇر ياكى باشقىسى بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان ئۇستا دوختۇرلار دوختۇرخانا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا مەغلۇپ بولغان، بەزىلەر ئۆزى دوختۇر بولمىسىمۇ دوختۇرخانىلارنى گۈلدەك

ئىدارە قىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلارنىڭ دۆلەت رەئىسى مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئىجتىھاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەن شەرتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق مەنىسى يوق.

6. ئىش ئاساسىي قانۇندىن بەكرەك ئۆرپ ـ ئادەت ۋە جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان ئاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قارايدىغان بولساق، ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى پروتېستانت بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇزۇن تارىختا، بىرەر قېتىممۇ يەھۇدىي ياكى مۇسۇلمانلارنى ياكى ئاياللارنى دۆلەت رەئىسى قىلىپ تاللىغىنى يوق. بۇ ئىشلار قانۇنىي جەھەتتىن چەكلەنمىسىمۇ، خەلق تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنمىغان. جون كىنىدى ئامېرىكا تارىخىدا رەئىسلىككە سايلانغان بىردىنبىر كاتولىك دىنى مۇرتى بولۇپ، ئۇ قەستكە ئۇچرىغان. دېمەك، ئاساسىي قانۇندا كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان دۆلىتىدە رەئىس بولۇشى جائىز، دەپ بەلگىلەنسىمۇ، ئۇ رېئاللىقتا ئىجرا قىلىنمايدىغان شەكلىي ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ خەتىرى يوق. ئۇنى چەكلەش ئىچكى قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

7. شەرىئەتتە دۆلەت رەئىسى مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك، دەيدىغان ئوچۇق دەلىل يوق. ئاللاھنىڭ: «**وَلَن يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا**»، «ئاللاھ كافىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ»[84] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ شەرئى خىتابنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك خىتابنى ئىپادىلەيدۇ.

[84] نىسا سۈرىسى. ـ 141 ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاندىن رەئىسنى كىشىلەر ئەركىن ئىرادىسى بىلەن تالىلىغاندا، ئۇ يۇقىرىلارغا زالىملىق ياكى مۇستەبىتلىك قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. يۇقىرىلار پارلامېنتتىكى خەلق ۋەكىللىرى ئارقىلىق رەئىسكە بولغان ئىشەنچىسىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ ۋە توغرا تاپسا، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپمۇ تاشلىيالايدۇ.

مۇستاپا سىبائىي، دوكتور يۈسۈپ قەرزاۋى، مۇھەممەد سەلىم ئەۋۋا، راشىد غەننۇشىي ۋە باشقا ئالىملار كاپىر رەئىس بولسا بولىدۇ، دەيدىغان بۇ پىكىرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىلاۋە**

يۇقىرىدا بىز ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى كۆرۈپ چىقتۇق. ئاخىرقى نەتىجىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ تارىخىدا توپلانغان سىياسىي تەجرىبىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم. بۇ ھەقتىكى سىياسىي تەجرىبە ئىككى بىسلىق:

1. كاپىرنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش مەسىلىسى ئىنتايىن خەتەرلىك. چۈنكى، ھەرقانداق رەئىسنىڭ ئۆتۈق قازىنىشى خەلقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشىغا باغلىق بولىدۇ. خەلق بىلەن رەئىسنىڭ دىنى ياكى مەزھىپى پەرقلىق بولغاندا، يۇقىرىلار ئارىسىدا مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقىدىن ئەنسىرەش، ئىشەنمەسلىك ۋە دۈشمەنلىشىش ئەھۋالى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن دۆلەت رەئىسى مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلىشى كېرەك.

2. تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر توپ

ئەقىدە، ئېتىنىك ياكى باشقا بىر سەۋەپ تۈپەيلىدىن دۆلەتتىكى يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغاندا، ئۇ ئۆزىنى جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلەنگەن، تاشلىۋېتىلگەن دەپ ئويلاپ، سەلبىي ھالدا گۇرۇھلىشىش، يولغا قاراپ ماڭىدۇ. بەزىدە بۇ تۈيغۇ تېخى دۆلەتكە خائىنلىق قىلىشقا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ بىزدىن ئىككى ياخشى ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىككى يامانلىقنىڭ ئەڭ يامىنىدىن ساقلىنىش دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بەزىدە كاپىرلارنىڭ رەئىسلىك ۋە باش مىنىستىرلىك دېگەندەك يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئولتۇرۇشىغا يول قويۇشىنى تەقەززا قىلىپمۇ قالىدۇ.

مەن مۇسۇلمان دۆلەتكە كاپىرنىڭ رەئىس بولۇشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن، ئەمما سۈرىيەدەك دەھشەتلىك چوڭ ئۇرۇشلارغا شاھىت بولغان، ئېتىنىك، دىن ۋە مەزھەپ پەرقى چوڭ بولغان دۆلەتلەردە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئارىسىدا سىياسىي ئورتاق تونۇش ھاسىل بولماي تۇرۇپ، بىخەتەر، تىنىچ مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنتايىن تەس. كاپىرنى رەئىس قىلغاندا، قولغا كېلىدىغان پايدا بىلەن زىياننىڭ ئارىسىنى دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندا، كۆپ سانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ساندۇق سايلىمى ئارقىلىق ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. يەنى كاپىرنى رەئىس قىلىش مەسىلىسى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ۋاقىتلىق بولىدۇ.

ئىلگىرىكى فىقھشۇناسلار رەئىس بولغۇچى ئۆزىدە ھازىرلىشى

كېرەك، دەپ قارىغان بەزى سوٸپەتلەر ۋە شەرتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، لېكىن بۇ سوٸپەتلەرنىڭ بەزىسى رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتكەن. قارايدىغان بولساق، بوٸگوٸنكى كوٸندىكى ئاساسىي قانۇن توٸزوٸملىرى بولسا توٸزوٸمنىڭ ئىلغارلىقىغا، توٸزوٸمنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى چەكلىمە ئىچىگە ئېلىش، دۆلەتنى چىرىكلىك ۋە ئادالەتسىزلىكتىن ھىمايە قىلىش ئىقتىدارىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن روشەن بولماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

سىياسىي پىكىر ۋە شەرئى سىياسەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەممىسى، بولمىغاندىمۇ كۆپ قىسمىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولىدىغان، سەۋەبى ئېنىق ئەقلىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. شۇڭا بۇ مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا شىجائەتلىك بولۇش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن، مەن مۇسۇلمان ھاكىم قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك بولغان ئاممىۋى ھايات ۋە چوڭ مەنپەئەتلەردە يۈكسەك پرىنسىپلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن شەرئەت مەقسەتلىرىنى ۋە خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش (سەددۇززەرىيئە) پرىنسىپىنى جانلىق ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

شەرىئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرى ئادىللىق، ئۈممەتنىڭ كىملىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش، بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغداش بىلەن بىرگە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش... قاتارلىقلار بولۇپ، ھاكىم بولغان كىشى بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

پۈتۈن دۇنيا ئاممىۋى ئىشلارنى ئىدارە قىلىش ۋە چىرىكلىكنى يوقىتىشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشى بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتمەكتە. شۇڭا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەلقئارالىق تەجرىبىلەرگە يۈزلىنىپ، بۇ ساھەدە توپلانغان تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. مەن ھەممەيلەننى يېڭى ئۇسۇل ياكى يېڭى چارىلەرگە رازى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن ھەممەيلەننىڭ ئىسلامىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كەڭ قورساقلىق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش بىلەن قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ھەممەيلەن بۇ ئۈممەتنىڭ دەس تۇرۇشىنى ھەمدە خارلىق، بىچارىلىك ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق ئىشلار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

## پىكىرلەر كاتولوگى

- ئىنسانىيەت ئومۇمىنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزۈن مەزگىل گاڭگىراپ قالغان، بۇ جەھەتتە مەغلۇبىيەت غەلىبىدىن كۆپ بولغان.
- ياشلارنىڭ زىھىندىكى غۇۋا ئىشلارنىڭ ئايدىڭ بولۇشى ئۈچۈن، سىياسىي ئۇقۇملارنى ئاددىيلاشتۇرۇش تېز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى بولسا كېرەك.

شەرىئەتنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

شەرىئەت دېمەك ئەقىدە، ئەخلاق، ئەھكام، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە سىموۋوللۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن دېمەكتۇر.

- كىشىلەر شەرىئەتنىڭ 90% نى رېئال ھاياتىدا تەتبىقلىيالايدۇ، ئۇنى ئەمەلىي ھاياتتا دۆلەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن تەتبىقلاش مۇمكىن.
- شەرىئەتنى تەتبىقلاشنى ئىسلامىي دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلاپ قويۇش شەرىئەتنىڭ 90% گە سەل قارىغانلىقتىن ۋە مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىقتىن ئىبارەت.
- تارىخ بىزگە دىندارلىقنى دەۋا قىلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە ناچار مۇئامىلە قىلىش سەۋەبلىك دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ تارقىلىپ، دىنغا قارشى كەيپىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

- كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ سىياسىي زەربىسىگە يولۇققاندا، سىياسىي تەرەپ ئېنىقسىز قىممەت قاراشلارغا قارشى چىقىش ئارقىلىق رەددىيە قايتۇرىدۇ.

- ئالىي مەنبە دۇنيا قاراش، تەسەۋۋۇر، قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە چوڭ نىشانلارنىڭ مەنبەسىنى شەكىللەندۈرىدىغان نەزەرىيەۋى رامكىدۇر.

- ئاساسىي قانۇن كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ساھەدىكى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قانۇنىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كىشىلەر شەخسىي ھاياتىدا ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەت مەنبەسىگە تايىنىدۇ.

- كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىغا قانۇن يېتەكچىلىك قىلمايدۇ، بەلكى ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى ۋە ئىنتىلىشلىرى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

- سىياسىيغا ئوخشاش زامان ۋە ماكانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ئىسلام دىنىدا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، بەلكى يوليورۇق سۈپىتىدە قىسقىچە بايان قىلىنغان.

- ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاققا ئوخشاش زامان، ماكانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

- ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئائىت دەلىل - پاكىتلارنىڭ كۆپ بولماسلىقى ئىجتىھادقا ۋە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن.

- سىياسىي ئىشلاردا ئېھتىماللىق جەزمىيەتتىن كۆپ. شۇڭا، سىياسىي مەسىلىلەر كەڭ قورساقلىق پرىنسىپى بويىچە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

- ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىگە قارىغاندا، ئىنسان بىر تەرىپى بولغان ھەرقانداق ئىش مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولىدۇ.

- مۇسۇلمان ئەقلىيىتىدىن، قانۇن چىقىرىشنىڭ مەنبەسى بولغان ۋەھىي بىلەن ئىجتىھادنىڭ مېۋىسى ۋە ئەھكاملارنىڭ ئوبيېكتى بولغان رېئاللىق ئارىسىدا توختىماستىن ھەرىكەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

«شەرئى سىياسەت» دەپ ئاتالغان پەن تارىختىن بېرى ئىسلام فىقھىسىدا ئەڭ ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

- ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار زورلۇق كۈچى بىلەن تەختكە چىققان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلىنىشقا سەۋەب بولغان، خاۋارىجلار بۇنىڭ ئەڭ چوڭ جاۋابكارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

- سىياسىي فىقھىدا بوشلۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەرقايسى دەۋردىكى ئالىملاردىن دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس قەدەمدە ئىجتىھاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

- سىياسەت مۇمكىنچىلىك ماھارىتىدۇر؛ پايدا - زىياننى دەڭسەش ماھارىتىدۇر؛ دوستىنى كۆپەيتىپ، دۈشمەننى ئازايتىش ماھارىتىدۇر.

- قەدىمكى ئالىملار خەلىپە ياكى شۇرا ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىنسانىيەت تەجرىبىسى ھۆكۈمەتنى قانۇنغا بويسۇندۇرۇشقا قادىر سىياسىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا.

- دۆلەتنى ئىدارە قىلىش شىركەتنى ئىدارە قىلغانغا ئوخشايدۇ. مىليونلىغان خىزمەتچىلىرى بولغان شىركەتنى باشقۇرىدىغان نىزام بىلەن نەچچە يۈز خىزمەتچىسى بولغان شىركەتنى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

- سىياسىي تۈزۈمنى تەنقىد قىلىش ئاسان، ئەمما باشقىلاردا مۇلاھىزە قىلىنغان ئەيىب - نۇقسانىدىن خالىي سىياسىي تۈزۈلمىنى بارلىققا كەلتۈرمەك ئىنتايىن تەس.

- خەلىپىلىك جەلىپكارلىققا ئىگە سىمۋوللۇق ئىسىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختا بۇ ئىسىم بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن.

- ئىنسان شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ھېكمەت بىلەن بىرلەشتۈرەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن.

- توغرا يول تۇتقان خەلىپىلىك دەۋرى ئوتتۇز يىل داۋاملاشقان. بۇ مەزگىلدە خەلىپىلەرنىڭ سايلىنىشى ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلغان. ئەگەر ئۇ دەۋر بەش يۈز يىل داۋاملاشقان بولسا، يەنە قانداق ئۇسۇللار بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئىدى؟

- مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي تارىخى ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق

بىلەن تولغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بەزى چۈشەنچىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىقى ھەمدە بەزى پىرىنسىپلار ۋە بەزى سىياسىي قىممەت قاراشلارنى يوقىتىپ قويغانلىقتۇر.

- رەسۇلىمىز دۇنياغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان ۋە قابىل كىشىلەرنى ۋەزىپىگە قويۇپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ئارقىلىق توغرا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ دەسلەپكى ئۈلىنى سالغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا خەلىپىنىڭمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا شەرىئەتكە بويسۇنۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك بىر پىرىنسىپنى بېكىتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار».
- ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر خۇسۇسىي بايلىقى بىلەن دۆلەت بايلىقىنى ئايرىۋەتكەن ئىدى. بۇ دانا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلام تارىخىدىكى ئىستراتېگىيىلىك شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرىدىغان ۋە پايدا - زىيىنىنى دەڭسىيەلەيدىغان ئۆتكۈر چۈشەنچە ئاتا قىلغان.
- ھەزرىتى ئۆمەر دۇنيادا زاھىد ئىدى، مەمۇرىي خادىملىرىدىن قاتتىق ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.
- ھەزرىتى ئۆمەر يېقىنلىرى گەرچە قابىل بولغان تەقدىردىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شـەك ـ شـۈبھەدىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن ئۇلارنـى مەنسـەپكە قويمايتتـى.

- دۆلـەت مەمۇرلىرىنـىڭ ھوقۇقىدىـن پايدىلىنىـپ، شەخسـىي مەنپەئەتكـە ئېرىشمەسـلىكى توغـرا ھاكىمىيـەت باشـقۇرۇش پىرىنسـىپلىرىنىڭ ئـەڭ مۇھىملىرىدىـن بىـرى بولـۇپ ھېسـابلىنىدۇ.

- ھەزرىتـى ئۆمـەر ۋەزىپىگـە قويماقچـى بولغـان كىشـىلەردىن ئىقتىسـادىي ئەھۋالـى ھەققىـدە دوكلات تەييارلاشـنى تەلـەپ قىلاتتـى. بۇنـداق قىلغانـدا، ئـۇلار مەنسـەپكە ئولتۇرغاندىـن كېيىـن توپلىغـان مـال ـ مۈلكىنـى ئېنىقلىغلـى بولاتتـى.

- توغـرا يـول تۇتقـان خەلىپىلـەر ئـاۋام خەلقنىـڭ ھاكىملارنـى تەنقىـد قىلىـش ئەركىنلىكـى پىرىنسـىپىنى بېكىتىـپ بەرگـەن. ئـۇلار: «تەنقىدكـە ۋە خاتالىقلىرىدىـن جـاۋاب بېرىشـكە تەييارلىنالمىغـان ھەرقانـداق ھۆكـۈم سـۈرۈك ۋە قايىـل قىلارلىق بولالمايـدۇ» دەپ قارايتتـى.

- توغـرا يـول تۇتقـان خەلىپىلـەر ۋە سـاھابىلەر ھاكىمىيەتنىـڭ قانۇنـىي سـالاھىيىتى ئۈچـۈن ئاسـاس سـالغان ۋە ئۇممەتنىـڭ ھاكىمغا قانۇنلـۇق سـالاھىيەتنى بېرىدىغان ھوقۇق مەنبەسـى ئىكەنلىكىنـى روشەنلەشـتۈرۈپ بەرگـەن.

تەجرىبىلەردىـن مەلۇمكـى، پىرىنسـىپقا بوشـلۇقتا ئەمەل قىلغىلـى بولمايـدۇ، ئۇنـى ھەرىكەتلەنـدۈرۈش ۋە ئىشـلىتىش ئۈچـۈن شـۇنىڭغا مۇناسـىپ مۇئەسسەسـە ۋە مۇھىـت ھازىـرلاش كېـرەك.

- ئالاقـە دۇنياسـى چېگـىش ۋە مۇرەككەپلىككـە ئىگـە. شـۇڭا، دىـن بىلـەن سىياسـەتنىڭ ئالاقىسـى توغرىسـىدا ئىختىلاپ

كۆرۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

- شەرىئەتتىن خەۋەردار بولغان كىشى شەرىئەتنىڭ هاياتنىڭ پۈتۈن ساهەلىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيدۇ. شۇڭا، دىن بىلەن سىياسەتنىڭ ئالاقىسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئورنى يوق، بەلكى مۇنازىرە ئالاقىنىڭ سۈپىتى ۋە تۈرى هەققىدە بولۇشى كېرەك.

- دىن پىرىنسىپلار ۋە ئۆزگەرمەس مەسىلىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. سىياسەت بولسا، پايدا - زىيانغا رىئايە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان.

- سىياسىيونىنىڭ ئالدىدىكى ئىجتىهاد ساهەسى فىقهشۇناسلارغا بېرىلگەن ئىجتىهاد ساهەسىدىن كۆپ كەڭرى. مانا بۇ نۇقتا ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارغا سەۋەب بولغان.

- بەزىلەرنىڭ ئىسلامي هەرىكەتتىكى كىشىلەرنى سىياسىي سەهنىگە ئىنتىلىدۇ، دەپ تەنقىدلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

- ياخشى كىشىلەر شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەندە هاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قالسا، هاكىمىيەت ئىشلىرى ئۇلارنىڭ سالاهىيىتىنى ۋە ئېتىبارىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

- دىن ساهىبىنىڭ دىندارلىقىغا تايىنىپ سىياسىي نوپۇزغا ئىگە بولۇشى جائىز ئەمەس. چۈنكى، سىياسىي نوپۇز ئېنىق قانۇنلاشتۇرۇلمىسا، دىندار كىشىنى ۋە سىياسىي تۈزۈمنى بۇزۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- توغرا ھۆكۈمدارلىق قابىلىيەت ۋە ئىشەنچلىك بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.
- بىر ئادەمدە قابىلىيەت ۋە ئىشەنچلىك بولۇش سۈپىتىنىڭ تەڭ تېپىلىشى ئاز يۈز بېرىدىغان ئەھۋال. مۇشۇ نۇقتىدىن، ھەزرىتى ئۆمەر پاسىقنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدىن ۋە ئىشەنچلىك كىشىنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشىلەنگەن.
- ئارقىدا قالغان خەلقلەر ھوقۇق بېشىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە سۈزۈك بولۇشىغا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، چىرىكلىك ئارقىدا قالغان ئەللەردە پۈتۈن ساھەگە يامراپ كېتىدۇ.
- دىننى سىياسەتتىن ئايرىش خاتا، لېكىن سىياسىي پائالىيەت بىلەن دەۋەت پائالىيىتىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش پايدىلىق.
- «ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد» ئاتالغۇسى قۇرئان ۋە سۈننەتتە تىلغا ئېلىنمىغان ئىجتىھادىي ئاتالغۇدۇر.
- «ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد» ئۇقۇمى بۈگۈن بىر سىياسىي تەبىقە دەپ ئاتاۋاتقان ئۇقۇمغا ئاساس سالغان. ئۇ تەبىقە سىياسىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە سىياسىي تاللاشلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سەركىلەردىن ئىبارەت.
- ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ياكى شۇرا ئەھلى دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ مۇئەسسەسەلىشەلمىگەنلىكى ئۇ ئۇقۇمنى ھەر تەرەپتىن غۇۋالاشتۇرۇپ قويغان.
- ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ئۇقۇمى ھەققىدە بەزى ئۇقۇشماسلىقلار بار. بەزىلەر ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ھەر ساھەدىكى

ئىلىملىك، تەجرىبىلىك ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك ئادەملەر دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇلار قوماندانلار ۋە جەمئىيەتتە گېپى ئۆتىدىغان نوپۇز ئىگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

- ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد ئۇقۇمىنىڭ غۇۋا بولۇشى بەزى ئالىملارنى دۆلەت مەمۇرلىرى، باجگىرلار ۋە مەنسەپدارلارنى ئەھلۇل ھەللى دەپ قاراشقا ئېلىپ بارغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەھلۇل ھەللىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان.
- ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد ئۇقۇمىنىڭ روشەن بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد بىزنىڭ سىياسىي تارىخىمىزنىڭ كۆپ باسقۇچلىرىدا ئورۇن ئالالمىغان.
- ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۈممەتكە ۋاكالىتەن ھاكىمنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش خىزمىتىنى ئورۇندايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئەھۋالنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى تەلەپ قىلغاندا، ھاكىم بىلەن ئۈممەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە.
- قەدىمدە سايلام نىزامىنىڭ يوق بولۇشى تۈپەيلى ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقدنى قانداق تاللاش ۋە ئۇلارنى تاللايدىغان ئورگان ھەققىدە قىيىنچىلىقلار بار ئىدى.
- قەدىمكى دەۋردىكى يەنە بىر باش قاتۇرىدىغان مەسىلە ئەھلۇل ھەللى ۋەلئەقد قانداق سۈپەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلە بولۇپ، ئۈممەت نەچچە يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ئادەمگە موھتاج، ئەمما سالاھىيەتكە توشىدىغان كىشى نەچچە مىڭدىن ئاشاتتى.

- مىنىڭچە، ئەھلۇل ھىللى ۋەلئەقد ۋە شۇرا ئەھلى بۈگۈنكى كۈندە پارلامېنت ياكى ئاۋام پالاتا ئەزالىرى بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسەت ئۆلچەملىرى ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، ئۇلار پەقەت خەلق تەرىپىدىن تاللىنىدۇ.

- 20%تىن ئارتۇق سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن پارلامېنت ياكى رەئىس ئۇن نەچچە ياكى يىگىرمە نەچچە ئادەم تەرىپىدىن تاللانغاندىن كۆپ ياخشى.

- مۇسۇلمانلاردىكى شۇرا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تۈۋرۈكىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ياشاش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

- شۇرا مۇئەييەن مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

- كىشىلەر مەدەنىيلەشكەنسېرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېڭىشىش كۆپىيىدۇ ۋە ئوخشىمىغان قاراشلارغا مۇئامىلە قىلىشى ئاسانلىشىدۇ.

- شۇراغىمۇ ئىجتىھادقا قويغان ئۆلچەم قويۇلىدۇ، ھېچكىمنىڭ دىندا ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشلاردا ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

- پرىنسىپلار ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەر ئىتتىپاق نۇقتىسىدۇر. ئەمما تارماق مەسىلىلەر ئىجتىھاد قىلىش ۋە تالاش - تارتىش قىلىش نۇقتىسىدۇر.

200

- شەكسىزكى، شۇرادا خۇلاسىلەنگەن پىكىر قارار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاكىم ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. چۈنكى، شۇرا ئەزالىرى خەلقنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.
- شۇرا گەرچە سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈم شەكىللەندۈرۈشكە يېتەرلىك ئەمەس.
- دېموكراتىيە سالاھىيىتى توشىدىغان ھەممە پۇقرا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا قاتنىشىدىغان ھاكىمىيەت شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- دېموكراتىيە - خەلق ھوقۇق ۋە قانۇننىڭ مەنبەسى دېگەنلىكتىن ئىبارەت. يەنى ھاكىم ھوقۇقنى خەلقتىن ئالىدۇ، خەلق قانۇن تۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگە.
- دېموكراتىيەدە خەلق ھوقۇقنىڭ مەنبەسى دېگەن نۇقتىدا ئىختىلاپ قىلمايمىز. بىزنىڭ قارشىمىزدىمۇ خەلق ھوقۇقنىڭ مەنبەسى، ھاكىم ھوقۇقنى خەلقتىن ئالىدۇ. ئەمما قانۇن چىقىرىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىز دېموكراتىيەنىڭ خەلق قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە، دېگەن پىكرىگە قوشۇلمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، قانۇن چىقىرىش خەلقنىڭ ھوقۇقى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھوقۇقىدۇر. لېكىن پارلامېنت شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان قانۇنلارنى يولغا قويسا بولىدۇ.
- بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا، ياۋروپا، ھىندىستان ۋە ياپونىيەلەردە ئومۇملاشقان دېموكراتىيە لىبېرال دېموكراتىيەدۇر. يەنى كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھۆكۈمەتنىڭ ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سانلىقلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان قانۇنلارنى يولغا قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي يولىيورۇقى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ـ دېموكراتىيەنىڭ ئەلمانىيلىق بىلەن بولغان ئالاقىسى ئېلاستىكلىقتا ئىگە ئالاقە بولۇپ، ئۇ مۇتلەق ھالدا ئەلمانىزىمغا خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى كۆپ سانلىقلار مۆمىن بولغاندا، دېموكراتىيەدىكى كەڭرى قانۇنىي بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئىسلامىي تۈس بېرەلەيدۇ.

ـ شۇرادا خۇلاسىلەنگەن پىكىر قارار بولىدۇ دېمەكچىمەن، ئۇ دېموكراتىيە بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ.

ـ شۇرا قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە، دېگەندە، ئۇ دېموكراتىيە بىلەن كۆپ نۇقتىلاردا ئوخشاشلىقتا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ھوقۇق ئالماشتۇرۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا سۆزلۈك بولۇش، تەنقىدلەش ھوقۇقى، لاياقەتسىز ھاكىمنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش دېگەندەك ئىشلار.

ـ ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى خاس بىر تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇ سولچىل ياكى لىبېرالىزم ياكى دېموكراتىيە ئەمەس. چۈنكى، بىز ئىشلىرىمىزنى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرىمىز.

ـ سىياسىي ساھەدە يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك بولغان شوئار «ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش»تۇر.

ـ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ كىشىلەر بېسىم بىلەن تېڭىلىدىغان ئىسلامىي تۈزۈم بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئارىسىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، دېموكراتىيەنى تاللىشى كېرەك. چۈنكى،

مۇستەبىتلىكتە ھېچقانداق ياخشىلىق يوق.

- بىز ئاساسىي قانۇن كۈرىشىگە تىنچ ئۇسۇل بىلەن، ئىمان ۋە شىجائەت ئاساسىدا كىرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئاساسىي قانۇننى زولۇق ئاساسىدا بەلگىلەش ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

- مۇسۇلمان فىقھشۇناسلار كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ھاكىمىيىتىنى زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ زىيىنى ئۇنى ئېتىراپ قىلغاندىن كۆپ ئېغىر ئىدى.

- كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشى چىرىكلىك، زۇلۇم ياكى دۆلەتتە مۇقۇملۇقنىڭ يوقىلىشىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشىگە ئېلىپ بارسا، ئۇ ھالدا، مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇنىڭغا قوراللىق قارشى تۇرۇش كېرەك بولىدۇ.

- فىقھشۇناسلار كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا قارشى چىقىشنى توپىلاڭ قىلغانلىق دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە توپىلاڭ دېگەن ئۇممەت تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىمغا ناھەق ھالدا قارشى چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

- فىقھشۇناسلار كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىدىن يەنە بىرسىنىڭ ئوخشاش شەكىلدە ھوقۇق تارتىۋېلىشىنى زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىللەتنىڭ كېڭەش قىلىشى ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقمىغان.

- كۈچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا گۇناھ ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

- بەزى كىشىلەر كۆچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا قارشى چىقسا، ھوقۇق تارتىۋالغۇچى تەختكە ئادىللىق بىلەن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئاۋام خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى توغرا بولمايدۇ.

- خاۋارىجلار ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە قالايمىقانچىلىق ۋە داۋالغۇش پەيدا قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئامانلىق ۋە مۇقىملىق نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان.

- مېنىڭ قارىشىمدا كۆچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىستىراتېگىيەلىك خاتالىقتۇر. چۈنكى، كۆچ ئارقىلىق ھوقۇق بېشىغا چىقىۋالغۇچىلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغان. بۈگۈنمۇ دەل شۇلارنىڭ ئۆزى بىر قانچىلىغان ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولماقتا.



- فىقھشۇناسلارنىڭ كۆچ ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تەلەپكە لايىق بولمىغان. مەن ئۇلارنى خاتالاشقان دەپ قارىساممۇ، ئەمما ئۇلارغا مالامەت قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تەجرىبىسى چەكلىك ئىدى.

- كۆپ سانلىق ئالىملار ئاۋام خەلق بىلەن ھاكىملارنى باغلاپ تۇرىدىغان توختامنامىنى ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش توختامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا بىنائەن ئۇممەت ھاكىمنى ئاممىۋى ئىشلارنى بېجىرىشكە ۋەكىلى قىلغان بولىدۇ، ھاكىملار ئۇممەت تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندا، توختام بويىچە ئۇممەتنىڭ ھاكىمنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ـ ھاكىم بىلەن تۈزۈلگەن توختامنامىنى ۋەسىيلىك توختامنامىسى دېيىش توغرا ئەمەس. بۇنداق دېيىش ئۈممەتنى يېتىم باللارغا ۋە ئەقلىسىزلەرگە ئوخشاتقانلىق بولىدۇ، بۇ ناھايىتى غەلىتە پىكىر.

ـ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇ دۆلەتلەردە چىرىكلىك ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئازلىقى ھەممىگە ئايان.

ـ ئىسلام ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق تۈزۈمدىن زارلىنىپ تۇرۇپمۇ، ھۆرلۈكتىن قورقىشى ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك ئىش.

ـ قانۇن كىشىلەرنى پەزىلەت بىلەن زىننەتلىنىشكە ياكى يامان سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس. توغرىسى، كىشىلەرنى پەزىلەتكە ئۈندەپ، يامان سۈپەتلەردىن يىرگەندۈرىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە قىممەت قارىشىدۇر.

ـ ئىسلام چوڭ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدە شەخسنىڭ ۋىجدانى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېڭىغا تايىنىدۇ، ھۆرلۈك بولمىغان جەمئىيەتتە ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ـ تاھىر ئىبنى ئاشۇر تۇنجى بولۇپ، ھۆرلۈكنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى دەپ قارىغان ئالىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ـ شەرىئەت يولغا قويغان ئىشلاردا كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇش زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن ئىبارەت. زۇلۇم ئاللاھ ئۆزىگە ۋە بەندىلىرىگە ھارام قىلغان بىردىنبىر نەرسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ـ دەۋرىمىزدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تەلىپى ۋە ئىستېمال سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى. شۇڭا، كىشىلەر ئېھتىياجىنى قامداش، ئىجادىيەت يارىتىش، ھەرىكەتلىنىش ۋە مۇناسىۋەت قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە موھتاج.

ـ ھەرقانداق مەدەنىيەت چەكلەش، قورقۇش ۋە ئەندىكىش ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ، بەلكى تۈرلۈك ھاياتلىق يوللىرىدا باشقىلارغا ئېچىلىش، ئۆزلۈكىدىن قىلىش ۋە ئاكتىپ بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ـ كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ئىززەت ـ ئابرۇيىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ھۆرلۈككە ئېرىشىشكە ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش شەرتەتنى تەتبىقلىغانلىقتۇر.

ـ كىشىلەرنىڭ ھاكىملارنى ئاممىۋي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋەكىل قىلىش سالاھىيىتى بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خالىغان كىشىنى ھاكىم قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ شەرىئەتنى ئىجتىمائىي ساھەدە تەتبىقلاشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ـ ئۈممەتنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىلغاندا، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى ئېلىش ناھايىتى ئورۇنلۇق، مەنتىقىلىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، شۇرانىڭ مەنىسى قالمايدۇ.

ـ شۇرا بىلەن مەسلىھەتنىڭ پەرقى بار، مەسلىھەتتە مەسلىھەت سالغان كىشى خالىغان كىشىنىڭ پىكرىنى ئالسا بولىدۇ.

ـ دوختۇرلار ۋە ئىنژېنېرلار بىرەر ئىشتا بىرلىككە كەلسە،

ئۇلارنىڭ ئىجماسى ۋاقىتلىق بولىدۇ. سان ـ سىپىرلار ئۆزگەرگەندە ئۇ تەبىئىيلا ئۆزگىرىدۇ.

ـ ئىجماغا كەلگەن مەسىلىدە، ئالاھىدە بىر ئەھۋال يۈز بەرمىسە، فىقھىشۇناسلارنىڭ ئىجماسى ھەمىشە كۈچكە ئىگە.

ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف خەلىپىنى ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسىدە كىشىلەر بىلەن كېڭەش ئېلىپ بارغان، كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن.

ـ ھەدىس رىۋايەت قىلىش يولى كۆپەيگەندە، ئاھادلىق (بىر يولدىن رىۋايەت قىلىنىش)تىن مەشھۇرلۇققا، تېخىمۇ كۆپەيگەندە، مۇتەۋاتىرلىققا ئۆرلەيدۇ.

ـ ھاكىم تاللاش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغاندا، ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.

ـ شەرىئەتتە ئېنىق بەلگىلەنگەن مەسىلىدە كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىجتىھاد قىلىدىغان ياكى كېڭەشكە سالىدىغان مەسىلە ئەمەس.

ـ كىشىلەر تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئارىلىشىدىغان ھېچقانداق ھۆكۈمەتنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئىمكانىقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتنى خالايدۇ.

ـ غەرب ئىدىيەسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئەخلاقىي ساھەدىكى مۇشكۈلاتى ئېغىر بولىدۇ.

ـ مەدەنىيلىشىش ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئويۇن ـ كۈلكە، ئەيش ـ ئىشرەت، پاراۋان تۇرمۇش ۋە دۇنياپەرەسلىك بىلەن غىدىقلىماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

- قەدىمكى ئۆلىمالارنىڭ ھاكىم ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئېنىق بىر ئۆلچەمگە موھتاج. چۈنكى، ئۇ كۆزقاراشلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان نۇرغۇن ئېنىقسىزلىقلار بار.
- كىشىلەرگە بارلىق ساھەدە ئۆلگە بولۇش تەس، بىرقانچە ئىشتا ئۆلگە بولسىمۇ، شۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.
- مەسئۇلىيەتسىز مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس.
- خەلقنىڭ مەدەنىي ھوقۇقلىرى، شەرئى ۋە مەدەنىيەت مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاڭ - سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارغا يەرلىك مەسىلىلەردە قارار چىقىرىشقا قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش مۇسۇلمان ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ئاۋام خەلقنىڭ دۆلەتتە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشى بەك مۇھىم، ئىجرائاتلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئىشلارنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.
- ئىشچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئاياللارنى ئاساس قىلغان چوڭ توپ ئۆچۈن، ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان پارلامېنتنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.
- تەتقىقاتچى ۋە ئاخباراتچىلارنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قارارلىرىدىن ئاسان ۋە تېز خەۋەردار بولۇشى توغرا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ۋەتەنداشلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا تونۇشتۇرۇۋاتقان خىزمەتلىرىنى باھالاش ئۈچۈن پۇقرالارغا پۇرسەت بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

- بۈگۈنكى كۈندە خەلقلەر دۆلەتكە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىشلارنىڭ مەركىزى دېگەن نۇقتىدىن قارايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، دۆلەت تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.
- سالاھىيتى ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشى ئۈچۈن، دۆلەت پۇرسەتتە باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى كېڭەيتىشى كېرەك.
- ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە دىنىدىن بىلىش زۆرۈر دەپ قارالغان نەرسىلەرنى بىلىش بىلەن بىرگە، تىل، قىممەت قاراش ۋە ئومۇمىي پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش ھەرقانداق ئىسلام دۆلىتىدىكى پۇقرالارنىڭ كىملىكىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ئوتتۇرھال تەبىقە تارىختىن بىرى ئىجادكارلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇنى كېڭەيتىش ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
- ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە چوڭ ئۇقۇملارنى يىلتىز تارتقۇزۇش بىلەن بىرگە، ئەركىن سۆھبەتلىشىش پۇرستى يارىتىپ بېرىش كۆپ خىللىق كۈلتۈرنى ئىدارە قىلىش ۋاستىسىدۇر.
- پەرز ئەين بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلىدۇ، پەرز كۇپايە بولسا شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىدۇ.
- پەرز كۇپايىنىڭ دائىرىسى ۋە ھەجىمىنى بەلگىلەش بىرئاز مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ دائىم مەسىلىنى ستاتىستىكا قىلىشقا موھتاج بولىدۇ، پەقەت دۆلەتلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

- پەرز كۈپايىلەرنىڭ ۋەزىپىسى مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئالاھىدە بويسۇندۇرغان مەدەنىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە خەلق ئاممىسىغا پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشتۇر.
- پەرز كۈپايە ۋەزىپىلىرى پەرز ئەيىنى تولۇقلايدۇ ۋە پەرز ئەيىنى ئورۇنداش جەريانىدا كۆرۈلگەن بەزى نۇقسانلارنى تۈزىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ پەرز كۈپايىنى ئورۇندىشى ئۇلار قولغا كەلتۈرىدىغان مەدەنىيەت ۋە شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

- ھۆكۈمەت قول ئىلكىدىكى ئىمكانىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ پەرز كۈپايىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ ھەم دۆلەت تىببىي خادىملارغا موھتاج ۋاقىتتا، بەزى شەخسلەرنىڭ تىببىي مەكتەپلەرنى ئېچىشىغا ياردەم قىلالايدۇ.
- ئەيىب نۇقسانلىرىمىز دۆلەتتە، پەزىلىتىمىز جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ.
- پەزىلەتلىك دۆلەت خەلقىنى ئاز كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، پەزىلەتلىك جەمئىيەتمۇ ئىشلىرىنى ئىمكانقەدەر ھۆكۈمەتكە موھتاج بولماستىن بىر تەرەپ قىلىدۇ.
- ۋەتەنداشلىق دۆلىتى پۈتۈن خەلقنىڭ دىن ۋە ئېتنىك تەركىبى قانداق بولسا بولسۇن، باراۋەرلىك ئاساسىدا ھوقۇق - مەنپەئەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قانۇن - تۈزۈم ۋە كۈلتۈر ئېگىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
- كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە يۇرتۋازلىقى تۈپەيلىدىن، ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش تەلەپ قىلىدۇ.

ـ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بارلىق مەدەنىيەتلەر باراۋەر بولۇش پىكرىنى كۈچەپ تارقاتقان بولسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئىنتايىن چاغلىق بولدى.

ـ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار «مەدىنە شەرتنامىسى» ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغان دەپ قارايدۇ. چۈنكى، مەدىنە شەرتنامىسى خەلقنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى ماكان ئاساسىدا بايان قىلغان ئىدى.

ـ مەدىنە شەرتنامىسى ھەرقايسى تەرەپلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇزاكىرىدىن كېيىن ئىمزالانغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئۇ ۋاقىتتا شەرتنامىنى مەدىنە ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە يۈرگۈزگۈدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى.



ـ مەدىنە شەرتنامىسى توختام ۋە ئەھدىنامىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان بارلىق قەبىلىلەرنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ـ مەدىنە شەرتنامىسىدە مەدىنە ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي بىرلىككە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇنىڭدا: «مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار ئىتتىپاقداش، ئۇلار بۇ ئەھدىنامىگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدۇ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ـ بۇ شەرتنامە مەدىنىدە تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك ئورنىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن ھەمدە مەدىنە خەلقىنى بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىنى چەكلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـ شەرتنامىنىڭ بىرقانچە ماددىسىدىن مەدىنە خەلقىنىڭ دىن، كۇلتۇر ۋە كۆپ خىللىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ـ شەرتنامىدە: «مەدىنە خەلقى ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىدۇ، مەزلۇمغا ياردەم بېرىدۇ ۋە مەدىنىنى سىرتقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ئورتاق مۇداپىئە قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ـ مەدىنە شەرتنامىسى ئاساسىي قانۇن، كىشىلىك ھوقۇق، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دۆلەت ئىچىدە بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىش دېگەن ساھەلەردىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ـ مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن جىزيە ئېلىش ۋەتەنداشلىق دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن ماسلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەنداشلىق دۆلىتىنىڭ قوللىغۇچىلىرى جىزيەگە قارىتا باشقىچە پوزىتسىيە تۇتقان.

ـ ھازىرقى ئالىملارنىڭ بەزىسى جىزيەنى ئۇرۇش ئاخىرلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە جىزيە بەلگىلىمەسلىكى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ـ ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ بەزى كىشىلەردىن جىزيەنى ئارمىيەگە خىزمەت قىلىش بەدىلىگە ئالمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن بىلىندۇكى، جىزيە كېلىشىمگە ئاساسلىنىدۇ، ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم پىرىنسىپ ئەمەس.

ـ خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ناۋادا بىز مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن جىزيە

ئالساق، ئۇ ھالدا باشقا دۆلەتلەرمۇ شۇ يەردە ياشاۋاتقان ئازسانلىق مۇسۇلمانلاردىن جىزىيە ئېلىشى مۇمكىن، بۇ ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تولىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش.

- جىزىيەنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز. دۆلەتنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۇنىڭ مىقدارىنى ھەسسىلەپ ئېلىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن جىزىيە ئېلىشى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھەققىگە ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر.

- قەدىمكى ئالىملار خەلىپە ئەر بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان، بۇ ئاياللارنىڭ خەلىپە بولۇش ھوقۇقى يوق دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

- ئالىملار ئاياللار ھېسسىياتچان، شۇنداقلا ئاممىۋى ھاياتتىكى تەجرىبىسىزلىكى ۋە خاراكتېرىدىكى بەزى ئاجىزلىقلىرى سەۋەبلىك خەلىپە ياكى دۆلەت رەئىسى بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان.

- بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئاياللارنى خەلىپىلىك مەنسىپىگە ئولتۇرۇشتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى ئەقلىيمۇ ياكى شەرئىمۇ؟ تارىخ ۋە رېئاللىق چوڭ مەنسەپكە يارىمايدىغان ئەرلەرنىڭ بارلىقىنى ھەم چوڭ مەنسەپلەرگە يارايدىغان قابىل ئاياللارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان.

- بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ خاراكتېرى تۈپتىن ئۆزگەردىكى، بۇرۇن ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولسا، بۈگۈن ھوقۇق بىرقانچىلىغان ئورگانغا تەقسىملەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

- رەئىس نامزاتى ئۈچتىن ئۈچ كىشى كۆرسىتىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قابىل ۋە تەقۋادار بولغىنى بىر ئايال بولسا، ئۇنى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈنلا تالالماسلىق زىيان ئېلىپ كېلىدۇ ۋە مەنپەئەتنى يوق قىلىدۇ.

- ئاياللارنى ھەرقانداق مەنسەپكە تەيىنلەش ئاياللار ھەققىدىكى شەرئى ئەھكاملارغا ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە باغلىق بولىدۇ.

- قەدىمكى ئالىملار بىردەك ھالدا، كاپىرلارنىڭ خەلىپە بولۇشى جائىز ئەمەس، دەپ قارىغان. بۇ قەدىمكى ئالىملار ئارىسىدا ئىجماغا ئايلانغان.

- خەلىپىلىك دېگەن دۇنيانى دىن بىلەن باشقۇرۇشتۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىز باسارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىنتايىن تەبىئى ئىش.

- ھازىرقى ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى كاپىر مۇسۇلمان دۆلەتكە دۆلەت رەئىسى ياكى باش مىنىستىر بولسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

- دەۋرىمىزدىكى بەزى فىقھشۇناسلار ۋە تەتقىقاتچىلار بۈگۈنكى كۈندە، كاپىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇشىنى چەكلەشنىڭ سەۋەبى كۈنىمىزدە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنداق بولغان ئىكەن، كاپىر مۇسۇلمان دۆلىتىگە رەئىس ياكى باش مىنىستىر بولسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

- بۈگۈنكى كۈندە، پۇقرالىق دۆلىتى دېگەن ئۇقۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى، بۇ دۆلەتتە دۆلەت رەئىسى پەقەت بىر

سىمۋولغا ئايلىنىپ قالدى. پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرگە قارىساق، بۇنى روشەن بايقايمىز.

- ئاساسىي قانۇندا، كاپىرنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشى دۇرۇس دەپ بەلگىلىگەنلىك ئۇ ئىشنىڭ ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان ئۆرپ - ئادەت ئۇنى چەكلەيدۇ. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە قارىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ھەرقانداق پۇقرانىڭ سايلىنىش ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ سانلىقلارنىڭ دىنىدا بولمىغان كىشى سايلىنالمايدۇ.

- مېنىڭچە، زۆرۈر تېپىلغاندىن باشقا شارائىتتا مۇسۇلمان دۆلەتكە مۇسۇلماندىن باشقىسىنىڭ رەئىس بولۇشى توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قابىلىيەتلىك كاپىر بىر شەخسنىڭ رەئىسلىككە ئۇيغۇن كۆرۈلۈشى زۆرۈرىيەتتۇر. ئالاھىدە ئەھۋال ئاخىرلاشقاندا، ئىشلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## پایدلانغان مەنبەلەر

1– إحياء الواجب الكفائي، د. المصطفى تودي (مقال على النت).

2– البداية والنهاية لابن كثير، بيروت دار المعرفة، ط ثانية، عام 1977.

3– تاريخ الخلفاء للسيوطي، تحقيق محي الدين عبد الحميد، القاهرة، مطبعة السعادة، عام 1952.

4– جامع البيان عن تأويل آي القرآن، لابن جرير الطبري، القاهرة، دار هجر، طبعة أولى عام 2001.

5– تجديد الفقه السياسي، تأليف د. أحمد بن سعد الغامدي، مصر دار ابن رجب، طبعة ثانية، عام 2013.

5– الجزية في ظل الدولة الاسلامية اليوم، د. حمزة عبد الكريم حماد، (مقال منشور على النت.

6– الدين والسياسة: تأصيل وشبهات، تأليف د. يوسف القرضاوي، القاهرة، دار الشروق، طبعة ثانية، عام 2008

7– الدين والسياسة: تمييز لا فصل، تأليف د. سعد الدين العثماني، الدار البيضاء، المركز الثقافي العربي، طبعة أولى، عام 2009.

8– الديموقراطية الجذور واشكالية التطبيق، د. محمد الأحمري بيروت، الشبكة العربية للنشر طبعة أولى 2012.

9– السيرة النبوية لابن هشام، تحقيق مصطفي السقا، بيروت، دار المعرفة.

10– شراكة الحكومة المفتوحة (مقال منشور على النت)

11– غياث الأمم في التياث الظلم للامام الجويني، د.عبد العظيم الديب، طبعة ثانية. عام 1401.

12– فتاوى سياسية، د. محمد مختار شنقيطي، دمشق، مركز الراية للتنمية الفكرية، طبعة أولى 2006.

13– مجموع الفتاوى شيخ الإسلام ابن تيمية، المدينة المنورة مجمع الملك فهد لطابع المصحف الشريف عام 1995.

14– فتح الباري لابن حجر العسقلاني، دار المعرفة، عام 1973.

15– فصل الخطاب في سيرة عمر بن الخطاب، تاليف د.علي الصلابي، دمشق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دار ابن كثير، عام 2007.
16- مقاصد الشريعة، تأليف الطاهر بن عاشور، القاهرة، دار السلام، طبعة سادسة، عام 2014.
17- منهاج السنة النبوية، لشيخ الإسلام ابن تيمية، تحقيق د. محمد رشاد سالم، الرياض جامعة الامام محمد بن سعود الإسلامية طبعة أولى 1986 عام.
18- من هم أهل الشورى؟، د.هبة رؤوف عزت (مقال منشور على النت)
19- نظام السلم والحرب في الإسلام، تاليف د. مصطفي السباعي، الرياض، دار الوراق، طبعة ثانية، عام 2001.
20- النظريات السياسية الإسلامية، تاليف د. ضياء الدين الريس، القاهرة، مكتبة التراث، طبعة سابعة.